مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# MIRAS(HERITAGE)OFUYGHURFOLKCULTURE

美拉斯



# مىراس

2
2011
ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «تۆمۈر داۋامەت ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرلىرى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» دىن كۆرۈنۈشلەر
















# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2011 - يىل 2 - سان

(ئومۇمي 124 - سان)


## ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر

«تۆمۈر داۋامەت ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرلىرى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى .................. مۇختار مۇھەممەد (1)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلاردا تۆر .................................. ئابدۇقەييۇم مجىت (3)

قول يۇيۇش ئادىتىمىز ........................ گۈزەلئاي ئابدۇكېرىم (71)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزى

مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى — ھاجى ئەلنەغمە .......... ئابلىمىت ئىمىن (9)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

بېيجىڭ ئادىمى ............................ مېھرىگۇل قادىر تەرجىمىسى (12)

شىنجاڭدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى كۇتۇپخانىسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ......
............ ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (57)

## دىيارىمىزدىكى ئىزلار

قىزىلئۆي ........................................ مەمتىمىن ئابدۇخالىق (14)

## دۇنياغا نەزەر

قىزىم ئامېرىكا يەسلىسىدە ........................ ئابدۇۋەلى ئايۇپ (21)

ئىندىۋىدۇئالىزم ۋە يالغۇزلۇق ..................... زۇلھايات ئۆتكۈر (74)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ئورنى كەم كولىسا ئۆزى چۈشەر ...... توپلىغۇچى: نەجمىدىن سىدىق (26)





باش مۇھەررىر:

**ۋاھىتجان غوپۇر**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**نۇرنىسا باقى**

**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

**ئەزىزە تۇيغۇن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60

پوچتا نومۇرى: 830001

E_mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئالىم بولساڭ ئالەم سىنىڭكى

قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارنىڭ كاتولوگى ........................................ ئابدۇراخمان باقى (30)

## يىمەكلىرىمىز

كەلپىت چىپىت نىنى ................................ تۇرسۇن قۇربان (37)

ناننىڭ تۈرلىرى ............................ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (60)

## تەۋەررۇكلىرىمىز

ئۆمۈر چولپانلىرى ........................ ئابدۇلئەھەت ئابدۇراخمان (38)

## يىلتىزىمىز

ئىقىن بويلاپ بۇلاق ئىزدەش ................ مۇھەممەدئىمىن قۇربان (42)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

كونا چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (46)

## ئەينەك

كۆچۈرمىكەشلىك نومۇس ............................ مۇھەممەد ئىمىن (48)

## پەرھىزلىرىمىز

بوسۇغا ۋە بوسۇغىغا ئائىت پەرھىز-ئادەتلەر ...... روزىخان ئىسلام (51)

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ساپاسىغا نەزەر ............................................ رەناگۈل ئابدۇللا (65)



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت

تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى

ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس

ماۋزۇ ۋە ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى تۇردى ئىمىن، غەيرەت مەمتىمىن قاتارلىقلار تەمىنلىگەن

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدىكى رەسىمنى ئەسقەر تۇردى سىزغان

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产 捍卫精神家园

总编：
瓦依提江·吾甫尔

副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）

编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

本期责人编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# «تۆمۈر داۋامەت ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرلىرى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

مۇختار مۇھەممەد

پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، دۇنيا جوڭگو مۇھاجىرلىرى جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى باش ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ «شىنيۇ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارقىتىش چەكلىك شىركىتى» ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان «تۆمۈر داۋامەت ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرلىرى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 9 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن بۇخې، تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ چۇەنتاڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جوڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇ شىپېڭ، جوڭگو جىگۇڭداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ساۋ خۇڭمېڭ، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى، گېنېرال لېيتېنانت شىن دىيەنفېڭ، جوڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى، گېنېرال لېيتېنانت ۋاڭ فۇجۇڭ، بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق قوماندانى، گېنېرال لېيتېنانت لىن جىڭگۈي، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 10 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جىنەن ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى، گېنېرال لېيتېنانت گۇ يۇشاڭ، سۇڭ چىڭلىڭ فوندى جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يۈەن شۇجى قاتارلىق رەھبەرلەر باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم كۆرگەزمە ئۈچۈن لېنتا كەستى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ چۇەنتاڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جوڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇ شىپېڭ مۇراسىمنى باشلاش نۇتقى سۆزلىدى؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 9 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىنى قىزغىن قوللىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. 17 ئەرەب دۆلىتىنىڭ جوڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى كۆرگەزمىنى كۆردى.

پايتەختتىكى ھەر ساھە زاتلىرى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ تولۇپ - تاشقان

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىنى نامايان قىلغان بىر قىممەتلىك ئەمەلىي كۆرگەزمە بولدى، ئۇ مىللەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى ھەم ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنى دادىل سىناق قىلدى، دەپ يۇقىرى باھالىدى.

«تۆمۈر داۋامەت ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرلىرى ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى»گە تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 100 پارچىغا يېقىن شېئىرى ئۈچۈن ھەر مىللەت خەتتاتلار كۆڭۈل قويۇپ ئىجاد قىلغان 200 پارچە مول مەزمۇن، جۇشقۇن، سەممىمىي ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان رەڭدار، نەپىس ھۆسنخەتلەر قويۇلغان بولۇپ، بۇ بەدىئىي ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىغا باشتىن - ئاياغ چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھاياتىي كۈچنى كەڭ دائىرىدە ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەرگەن. كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئەرەب خەتتاتلىرى بارلىق بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سىلىپ ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ نەپىس نەمۇنىلەر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن خەلق ئارزۇسى، دەۋر چاقىرىقلىرىغا ئائىت مەزمۇنلارنى يەنىمۇ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن.

مىللىي شېئىرىيەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ ئەسەر ئىجاد قىلىش تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر مەدەنىيەت ھەم بىلىم ئامىللىرىنى يەنىمۇ نۇرانە تۈسكە ئىگە قىلدى، مۇنداق ئەھۋال ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ قىممەتلىك كۆرگەزمە ئېلىمىز شېئىرىيىتى بىلەن خەتتاتلىق بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەپىس ئۈلگىسىنى ياراتتى. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى تىرەن مەنا، قايناق ھېس - تۇيغۇلارغا تويۇنغان بولغاچقا كىشىگە ئاپتورنىڭ ئالىيجاناب يۈكسەك ھېسسىياتى بىلەن مەردانە قەلب كۆكسىنى تەسىرلىك، جانلىق، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەر تۆمۈر داۋامەتنىڭ 50 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھايات مۇساپىسىدە پارتىيەگە، ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، خەلقنى قىزغىن سۆيگەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ھەققىي كارتىنىسى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان جانلىق دەرسلىك!

ھازىرغا قەدەر يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئالتە پارچە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ شېئىرلار توپلاملىرى ئەپكار ئاممىغا تونۇلغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ھەم سىرتىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى، ھەتتا خەنزۇ، ئىنگلىز، ياپون، رۇس، ئەرەب، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق ئون نەچچە تىلدا نەشر قىلىنىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە چەت ئەللەردىكى كىتابخانىلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە نائىل بولدى.

ھازىر تۆمۈر داۋامەت شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئەرەب قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا نەپىس قولىيازما شەكلى بىلەن خاتىرىلىنىپ، ئۆز رىتى بويىچە توپلىنىپ، كۆپىيەسى تۇرغۇزۇلۇپ، ھەرخىل شەكىلدە رەسىم ھەم نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ چىرايلىق بەدىئىي ئۇسلۇبتا ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ سانى 200 پارچىدىن ئاشتى. بۇ ئېلىمىزدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرى شېئىرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ئۈچ خىل يېزىقتا ھۆسنخەت شەكلىدە قەلەمگە ئېلىنىشى ۋە جاسارەت بىلەن سىناق قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى يەنە دۆلەت ئىچى ھەم سىرتىدىكى زاتلارغا بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدىغان قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تەقدىم قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

مىسىر، ئالجىرىيە، سۈرىيە، يەمەن، سۇدان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ماۋرىتانىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق 17 دۆلەتنىڭ ئېلىمىزدە تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى ھەممە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكىلەردىن بولۇپ، جەمئىي 30دىن ئارتۇق ئەلچى كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە بۇ قىممەتلىك كۆرگەزمىگە يۈكسەك باھا بەردى. بۇ كۆرگەزمە يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە، ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون، فىلادېلفىيە، نيۇيورك قاتارلىق شەھەرلىرىدە، شياڭگاڭ، تەيۋەن رايونى ھەم ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن فرانسىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئايرىم - ئايرىم كۆرگەزمە قىلىنماقچى.

# ئۇيغۇرلاردا تۆر



**ئابدۇقەييۇم مىجىت**

مېھماندارچىلىق ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتلىرى، ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي
قىسمى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىج-
تىمائىي پائالىيەتلىرىدە مۇئەييەن ئىجابىي رولىلارنى ئويناپ
كەلگەن. مېھماندوستلۇق بىر ئېسىل ئەنئەنە سۈپىتىدە
ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ
كەلگەن ۋە تۇرمۇش مىزانىمىزغا ئايلانغان، خەلقىمىز بىرەر
ئادەم ياكى بىرەر ئائىلىگە باھا بېرىشتە ئۇلارنىڭ مېھمانغا
بولغان پوزىتسىيەسى، مېھماننى كۈتۈش، ئۇزىتىشىغا قارى-
غان. ئەگەر مېھماننى ياخشى كۈتمىسە، ياخشى مۇئامىلە
قىلمىسا، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئادەمگەرچىلىكى يوق»
دەپ ئەيىبلەنگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيەتـ-
لىرىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم تەرەپلەرنىڭ
بىرى ئۇلارنىڭ تۆر قارىشىدۇر.

### «تۆر» چۈشەنچىسى

ئۇيغۇرلار مېھمان كۈتۈش ۋە مېھمان بولۇش ئىشلى-
رىدا مېھمانلارغا ھۆرمەت، ئىززەت- ئىكرام بىلەن
قىزغىن، ئوچۇق- يورۇق، خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولۇش،
مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈش قاتارلىق ئىشلاردا بەلگىلىك
ئەدەپ- قائىدىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئەھمىيەت بې-
رىپلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن تۆر چۈشەنچىسى، تۆر
قارىشى ۋە مېھماندارچىلىق قائىدە- يوسۇنلىرىدا تۆرگە
مۇناسىۋەتلىك دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان زىل ئادەتلەر-
نى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار مېھماندارچىلىق پائالىيە-
تى جەريانىدا «تۆر»گە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا
ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندا
ئۇلارنىڭ تۆر چۈشەنچىسى، تۆر قارىشى ۋە تۆرگە مۇنا-
سىۋەتلىك ئادەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا قەتئىي
بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلاردىكى تۆر قارىشى ئۇلارنىڭ
قېلىپلاشقان ئەدەپ- ئەخلاق، قائىدە- يوسۇن مىزانلىرى،
ئىززەت- ھۆرمەت چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ
كەتكەن. ئۇيغۇرلار مېھماننى ئەزىز كۆرۈپ، مېھماننى
بەخت- ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدىغان بولغاچقا،
ئۆيگە كىرگەن مېھماننى ئەزىزلەپ ئۆينىڭ تۆرىگە باشلاي-
دۇ، ئادەتتە قىلىپ ئېيتقاندا، تۆر ئۆيدىكى سۇپا (كاڭ)
نىڭ يۇقىرى تەرىپى، ھۆرمەتلىك ئورۇننى كۆرسىتىدۇ.
«تۆر» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئالدى، دەس-
لەپكى، يۇقىرى، شەرەپ ئورنى، ھۆرمەت جايى» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «تۆر — تۆر، ئۆينىڭ تۆرى. تۆرگە كەچ — تۆرگە ئۆت»①، «تۆرە — تۆر، ئۆينىڭ تۆرى. تۆرە يوقلادى — تۆرگە چىقتى. بۇ سۆز بەزىدە «تۆر» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ»② دېيىلگەن. تۆر سۆزىنىڭ قارىمۇقارشىسى «پەگاھ» بولۇپ، ئۆينىڭ ئىشىك ئالدى تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە:

6605 «بىلىگ بىل ئۆزۈڭكە ئورۇن قىل تۆرە،
بىلىگ بىلسە ئۆزكە ئەدى بەرك تۇرا.
يەشمىسى: بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرار،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.
6641 «يولۇڭ تۈزگىل ئەمدى يورىقلىڭ كۆنى،
ئۆزۈڭ ئىكى ئاژۇندا بۇلغىن تۆرە.
يەشمىسى: يولۇڭنى تۈزەتكىن، خۇي پەيلىڭ تۈزەت.

بول ئىككى جاھاندا تۆردە ئولتۇرار③ دەيدۇ. بۇ بېيىتتا تۆردە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن بىلىم بىلىشى، ئۆزىنىڭ خۇي-پەيلىنى تۈزىتىپ توغرا يولدا مېڭىشى كېرەكلىكى، شۇنداقلا تۆردە ئولتۇرۇشقا پەقەت بىلىملىك، ئەقىل-پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىدەك ئىلغار ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، يېتۈك شائىر نەۋايىمۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا «تۆر» سۆزىنى ھەم ئىشلەتكەن.

مەسىلەن، «مەگەركى مەسجىت ئىكەندۇركى، بولدى بۇتخانە، يۈزۈڭكى ئىككى قاشىڭدىن تۆرىدەدۇر مېھراب» دېگەن مىسرالارنى قالدۇرغان بولۇپ، شائىر بۇ يەردە «تۆر»نى بىر خىل مەجەزى ۋاستە سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «تۆرۈ — تورۇ، رەسمىي-يوسۇن، قائىدە. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئېل قالىر تۆرۈ قالماس — يۇرت قالار، تورۇ قالماس، يەنى يۇرت تاشلىنىپ قالىدۇ، رەسمىي-يوسۇن تاشلانمايدۇ. بۇ ماقال ئۆرپ-ئادەت، رەسمىي-يوسۇندا پېشقەدەملەرگە ئەگىشىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ»④ دېيىلگەن بولۇپ، «تۆرۈ» دېگەن سۆز بىلەن «تۆر» سۆزى تومۇرداش ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، «تۆر» سۆزىدىن «تۆرە»، «تۆرەم» سۆزلىرى تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئادەتتە بەزى خان-پادىشاھ (خانلىق تۈزۈمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار)، خانزادە-شاھزادىلەر ۋە خان ئەۋلادىغا مەنسۇپ كىشىلەر، بىرەر يۇرتنىڭ ھوقۇقدارى، ئاقسۆڭەكلەر ئەل بېشى ھېسابلىنىپ، ئەل-يۇرتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، تۆردە ئولتۇرغان بولغاچقا، ئۇلار «تۆرەم، تۆرىخان، تۆربەگ» دېگەن ھۆرمەت ناملىرى بىلەن ئاتالغان.

## ئۆينىڭ «تۆر»ى زادى قەيەر؟

ئۆيدىكى سۇپا (كاڭ، سۆكە)نىڭ قايسى تەرىپىنىڭ «تۆر» ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرقايسى يۇرت كىشىلىرىنىڭ تونۇشى، كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس. ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭمۇ تۆرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. 110-جىلد. ھونلار تەزكىرىسى»دە: «ھونلار ئولتۇرۇشتا تۆرنى سولدىن باشلاپ، شىمالغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى» ⑤ دېيىلگەن بولسا، «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: «تۈركلەر كۈن چىقىشقا ھۆرمەت بىلدۈرگەچكە، چېدىر ئىشىكنى كۈن چىقىشقا قارىتىپ ئاچقان. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئوچاق ياسالغان، ئوچاق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەچكە، ئىس يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتكەن، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇن ‹تۆر› ھېسابلانغان»⑥. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىدىكى مېھمانخانىلاردا بىردىن ئوچاق بولىدۇ، مېھمانخانا ئۆيلەردىكى ئوچاق «ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكى ئۇدۇل تامنىڭ بىر تەرىپىگىرەك جايلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، شۇ ئۆي ئوچاقنى پاسىل قىلىپ تۆشۈك تەرەپ ۋە تۆر تەرەپ دەپ ئايرىلىدۇ. «مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر» دەپ ئۇيغۇرلار مېھمانلارنى تۆر تەرەپكە باشلاپ، ئۆزلىرى پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان. ئوچاق تۆر بەلگىسى بولۇش بىلەن بىرگە ئۆينىڭ ئۆزەكى (يادروسى) رولىنىمۇ ئوينىغان»⑦. شۇڭا بىر ئۆينىڭ تۆرىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئوچاقنىڭ مۇھىم رولى بار. «خەلقىمىزدە ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۆر، سول تەرىپىنى پەگاھ قىلىدىغان ئادەت بولغاچقا (بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا شۇنداق، يەنى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپى تۆر، سول تەرىپى پەگاھ دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرى، يەنى قومۇل، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئۆينىڭ يۇقىرى تەرىپى تۆر قىلىنىدۇ)، مېھمانلار تۆر تەرەپكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، مېھمانلار ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر، ياشانغان مېھمان تۆرنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ، قالغانلار ئۆزىنىڭ ياش قورامى ۋە



2011.2

ئورنىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ»⑧. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۆر،
سول تەرىپىنى پەگاھ دېگەن قاراشقا ئۇيغۇرلاردىكى
ئوڭنى چوڭ بىلىش، سولدىن ساقلىنىش، يەنى ئوڭ تە-
رەپنى مۇقەددەس بىلىدىغان، سول تەرەپنى يامان كۆرۈ-
دىغان خاھىش سەۋەب بولغان بولۇشى ئېنىق. دېمەك
ھەر قايسى يۇرت كىشىلىرىدە ئۆينىڭ تۆرىنىڭ قايسى تە-
رىپى ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ، مېھماندارچىلىق ۋە باشقا
بېرىپ-كېلىش پائالىيەتلىرىدە مېھمانلار ۋە ساھىبخانا
تۆرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، يۇقىرىقى بايانلاردىن
مەلۇمكى، ئۇيغۇرلاردا ئومۇمەن ئۆينى، بولۇپمۇ مېھمانخانا
ئۆيلەرنىڭ ئارقا تام تەرەپنىڭ ئوڭ تەرىپى تۆر ھېسابلىنى-
دۇ. ئەمما ئۇ ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا
قاراپ، تۆرنىڭ ئورنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، مەسىلەن،
ئۇيغۇرلاردا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا
تۇرغان، ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى بولغان
دەۋرلەردە كىشىلەر چېدىردا تۇراتتى، چېدىرلار يۇمىلاق
شەكىلدە بولغاچقا چېدىرنىڭ تۆرى چېدىر ئىشىكىنىڭ
قارشى تەرىپى بولىدۇ، مېھمانلار ئوتتۇرىدىن ئوڭ-سول
تەرەپكە قاراپ كېچىپ ئولتۇرىدۇ. «ئۇيغۇر بىناكارلىق
تارىخى» ناملىق ئەسەردە ئاپتور شىنجاڭنىڭ قەدىمكى
دەۋر بىناكارلىقىنىڭ بىر تۆرى بولغان چېدىر ئۆيلەرنىڭ قۇ-
رۇلمىسى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، «ئۆيلەرنىڭ (چېدىر-
لارنىڭ) ئىچى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بويىچە ئورۇن-
لاشتۇرۇلۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندە ئۇدۇل تەرەپ «تۆر»
ھېسابلىناتتى»⑨ دەيدۇ. ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشى-
كىنىڭ قايسى تەرەپتە بولۇشى ئۆينىڭ تۆرىنىڭ قەيەردە بو-
لۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي، ئايۋان-سا-
رايلىرىدىكى «... مورا ئوچاق ۋە مورا بېشى (بۆك تەگسى)
ئۆينىڭ تۆر تەرىپىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينىغان. كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ئۆيگە مورا ئوچاق چىقىرىش ئازايدى، ئىلگىرى-
كى مورا ئوچاقنىڭ ئورنى بىلەن ئۆي ئىشىكى ئورنىنىڭ
جايلىشىش ھالىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۆينىڭ تۆرى ئۆي ئى-
شىكىنىڭ يان تام تەرىپىگە بولغان ئارىلىقىغا قاراپ بەلگىلە-
نىدۇ، ئىشىك قايسى يان تامغا يېقىن بولسا، ئىشىككە يىراق
يان تامنىڭ يېنىدىكى توغرا تام (ئىشىككە قارىمۇقارشى تام—
ئۇدۇل تام)نىڭ بېشىدىن باشلىنىدۇ، ئىشىك ئۆينىڭ سول
تەرىپىگە يېقىن بولسا ئوڭ تەرەپتە، ئىشىك ئوڭ تەرەپ يان
تامغا يېقىن بولسا تۆر سول ئۇدۇل تامدىن باشلىنىدۇ. داس-
تىخانغا يېمەكلىك تۆر تەرەپتىن باشلاپ قويۇلىدۇ»⑩. بۇ-
گۈنكى كۈندە كاڭ ياسالماستىن سافا بىلەن جابدۇلغان ئۆي-
لەردە سافا ئۆينىڭ قايسى تەرىپىگە قويۇلغان بولسا شۇ
تەرەپ ئۆينىڭ تۆرى ھېسابلىنىدۇ.

### تۆرگە ئەھمىيەت بېرىش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ تۆر قارىشى ئۇلارنىڭ ئېگىز-
پەسلىك، يۇقىرى-تۆۋەنلىك، مەركەز ۋە چەتلىك، يۈك-
سەكلىك... قاتارلىق ئېستېتىك تۇيغۇلىرى ئاساسىدا
ئىززەت-ھۆرمەت، قەدىر-ئېتىبار، ئابرۇي-ئىناۋەتنى ئە-
پادىلەشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، ئۇيغۇر-
لاردا ئادەمگەرچىلىك، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا ئۆينىڭ
تۆرىنى چوڭ بىلىدىغان ئادەت ناھايىتى ئۇزاق زامانلار-
دىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، تۆردە ئەقىل-
ئىدراكتا، ئىلىمدە، ھۆرمەتتە ۋە ياشتا چوڭ كىشىلەر ئول-
تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇيغۇرلاردىكى تۆرنى چوڭ بىلىش، ھۆر-
مەتلىك، ئەزىز مېھمانلىرىنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇش ئادىتى
ئۇلارنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك، پىشقەدەم كىشىلەرنى ھۆر-
مەتلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ روشەن ئىپادى-
سىدۇر. تۆردە كىمنى ئولتۇرغۇزۇش شۇ سورۇننىڭ خا-
راكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.
مەسىلەن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا داموللا، ئاخۇن،
قارىلار تۆردە ئولتۇرغۇزۇلسا، مەشرەپ سورۇنلىرىدا
سەنئەتچى، سازەندىلەر، رەققاس (ئۇسسۇلچى)لار تۆردە
ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. «ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆيگە
بىرى كەلسە ئۇنىڭ تونۇش ياكى ناتونۇشلۇقى، كىچىك
ياكى چوڭلۇقىدىن قەتئىينەزەر ئالدى بىلەن بىر دەك
ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ سالام-سەھەت
قىلىپ ئۆيگە باشلاپ تۆردىن ئورۇن كۆرسىتىدۇ»⑪.
مېھمان بولغۇچى ئۆينىڭ تۆرىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى سا-
ھىبخانىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن بىلىدۇ، مۇبادا مېھمان
كەمتەرلىك تۈپەيلى پەگاھتا ئولتۇرۇۋالسا، ساھىبخانا ئۇنى
قايتىدىن تۆرگە ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ، مېھمانلارنىڭ
قولىغا سۇ بەرگەندە تۆردە ئولتۇرغان كىشىدىن باشلاي-
دۇ. ئادەتتە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە غىزالىنىشقا توغرا
كەلگەندە، غىزالىنىدىغانلار داستىخاننىڭ تۆر تەرىپىدىن
(ئۆينىڭ تۆر تەرىپى ئاساس قىلىپ داستىخان سېلىنىدۇ)
چوڭلار، ئاندىن كىچىكلەر تەرتىپى بويىچە ئورۇن ئالى-
دۇ... تاماق داستىخان تۆرىدىن باشلاپ قويۇلىدۇ (سۇنۇ-
لىدۇ)... غىزالىنىشتا تۆردە ئولتۇرغان ئاتا ئاۋۋال تاماققا
قول ئۇزىتىدۇ، ئارقىدىن پەرزەنتلەر قول ئۇزىتىدۇ.

MIRAS

تۆردە ئولتۇرغان ئاتا تاماقتا قول ئۇزاتماي تۇرۇپ پەرزەنتلەرنىڭ قول ئۇزىتىشى ئەدەپسىزلىك، ئاتا ـ ئانا (چوڭ)نى ھۆرمەتلىمىگەنلىك بولىدۇ... تاماق ۋاقتىدا ئۆيگە مېھمان (تۇغقان، دوست، قوشنا، چاقىرىلمىغان مېھمان، يولۇچى) كېلىپ غىزالىنىشتا بىرگە بولۇشقا توغرا كەلگەندە، مېھمان داستىخان تۆرىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى مېھماننىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئورۇن ئالىدۇ، مېھمان ئەر بولسا ئەر ساھىبخانا، ئايال بولسا ئايال ساھىبخانا تۆرنىڭ قارشى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپ مېھمانغا چاي، تاماق سۇنۇپ مېھمان كۈتۈش ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ئورۇندايدۇ⑫. مېھمانغا تاماق قويغان ۋاقىتتىمۇ تۆرگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، «ئاخىرقى تاماق يېيىلگەندە تۆردە ئولتۇرغان كىشى تاماققا ئىشتىھاسى بولمىسا، باشقىلارنىڭ غىزالىنىشىنى چەكلەپ قويماسلىق ئۈچۈن تاماقتىن قول تارتماسلىقى (قول سۈرتمەسلىكى)، ھېچبولمىغاندا ئۆزىرىسىنى ئېيتىپ باشقىلارنى غىزالىنىشقا دەۋەت قىلىشى كېرەك. ئادەتتە تۆردە ئولتۇرغان كىشى تاماقتىن قولىنى تارتىپ قولىنى ئېرىتسا، باشقىلارمۇ غىزالىنىشتىن توختايدۇ»⑬. خەلق ئىچىدە «بىسمىللا دېسەڭ تېشىڭدىدە دېمىگەنلەر دېسۇن، ئامىن دېسەڭ ئىچىڭدىدە يېمىگەنلەر يېسۇن» دەيدىغان ھېكمەت بولغىنى ئۈچۈن تۆردە ئولتۇرغۇچى باشقا مېھمانلار تاماق يەپ بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ، مېھمانلار ئۆيدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن ئىشىككە يېقىن ئولتۇرغانلار، ئاندىن تۆردە ئولتۇرغانلار ئىشىكتىن چىقىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «پەرۋايى پەلەككە پەگاھ بىلەن تۆرنىڭ پەرقى يوق»، «ياخشىلىق تۆرگە باشلايدۇ، يامانلىق گۆرگە (باشلايدۇ)»، «مېھماننى تۆرگە باشلا» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر «ئادەمگەرچىلىك، سەممىي مېھر ـ شەپقەت كىشىنىڭ ئۆمۈر دەپتىرىگە ئىززەت ـ ئابرۇي، مەرتىۋە نەقشى سىزىدۇ؛ قارا نىيەتلىك، شۇملۇق ئىللەتلىرى كىشىگە ھالاكەت گۆرى قازىدۇ دېگەن مەنىنى»⑭ بىلدۈرىدۇ. دېمەك ئىنسان ياخشىلىق بىلەن ھۆرمەت تۆرىگە چىقالايدۇ، يامانلىق قىلىش بىلەن تۆردىن چۈشۈرۈلىدۇ، تۆر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە شان ـ شەرەپ سۇپىسىدۇر. تۆرنىڭ كونكرېت ۋە ئابستراكت ئىككى خىل دائىرىسى ۋە مەنىسى بولىدۇ، قەلبنىڭمۇ تۆرى ۋە پەگاھسى بولىدۇ، قەلب تۆرىدە شۇ قەلب ئىگىسى ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەر. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىسى، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرى، يارۇ ـ بۇرادەرلىرى بولىدۇ. تەربىيە كۆرمىگەن، مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىپ ئولتۇرۇش بىر ئاددىي ساۋاتتۇر، بۇ قائىدە



2011.2

يوسۇنلارنى بۇزغۇچىلار جامائەت تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. مەسىلەن، تۆرگە مۇناسىپ بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي تۆردە ئولتۇرۇۋېلىشى، ئۆزىدىنمۇ بىلىملىك، ئەقىللىق، ھۆرمەتلىك، مەرتىۋىلىك، مۆتىۋەر كىشىلەر بىلەن تۆر تالىشىش ساھىبخانا ۋە باشقىلار ياقتۇرمايدىغان ئىشتۇر. بۇرۇنقى دەۋرلەردە مەخسۇس زىياپەتتە مېھمانلارنى مەرتىۋە، نوپۇز ئىمتىيازىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇش يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، بۇنداق زىياپەتلەردە ئايال مېھمانلار ئەر مېھمانلارغا ئوخشاش ئەرلىرىنىڭ نوپۇز-ئىمتىيازىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇلاتتى. «مۆتىۋەرلەردە ئورۇن ئېلىشتا سەل ئېگىز-پەسلىك بولۇپ قالسا، تۆر تالىشىپ بىر-بىرىگە ھومىيىشىدىغان، ھەتتا پەش قېقىشىپ ئاداۋەتلىشىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ كەلگەن. تۆر تالىشىش تولىراق ئايال مېھمانلار ئىچىدە يۈز بېرەتتى، بۇ ئادەت يەنە ‹سورۇن چىپى› ئۆتكۈزۈشتەك ئادەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ‹سورۇن چىپى› بەزى جايلاردا ‹سورۇنغا چىقىش چىپى (تويى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئابرۇيپەرەسلىك كۆرۈنۈشىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەنتەنىسى يۈزىسىدىن مەلۇم ئابرۇيپەرەس شەخس تەرىپىدىن بېرىلىدىغان زىياپەت. بۇنداق زىياپەت ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت زىياپەت ئىشتىراكچىلىرى ئالدىدا يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جامائەت سورۇنلىرىدا ئولتۇرىدىغان ئورۇن دەرىجىسىنى بەلگىلەپ بېرىشىدىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئابرۇيپەرەسلەر 20 ~ 10 لەپ قوي سويۇپ، پۈتۈن يۇرتقا داستىخان سېلىپ زىياپەت قىلاتتى. زىياپەت ئۈستىدە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن سەككىز ~ ئون كىشىگە تون ياپاتتى (يۇرت كاتتىسىغا يوشۇرۇن قىلىنىدىغان ‹ئادەمگەرچىلىك› ئايرىم بولاتتى، ئەلۋەتتە). زىياپەت ئاخىرلىشاردا يۇرت كاتتىسى ‹ XX ئاخۇن بۇنىڭدىن كېيىن تۆرنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىكى XX ئورۇنغا ئولتۇرىدۇ› دەپ ئېلان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىياپەت ئاخىرلىشاتتى»⑮. ئەمما بۇ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدىكى بىر قىسمەن ئادەت بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشمىغان ھەمدە بۈگۈنكى كۈندە ئاساسەن يوقالغان. ئۇيغۇر جامائەت ئەخلاقى ۋە سورۇن ئەخلاقىدا مېھمانلارنىڭ تۆر تالىشىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئورنىنى ئولتۇرغان ئورنى بىلەن ئۆلچەيدىغان، باھالايدىغان ناچار خاھىشلار قاتتىق تەنقىد قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «تۆرنى ئالغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب»، «باينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغىچە، گادايىنىڭ پەگاھىسىدا ئولتۇر»، «ئۆيى خالىي قالدى، تۇڭگۇز تۆرگە چىقتى»، «ياتنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغىچە، تۇغقانىنىڭ كۈلىڭىدا (ياكى بوسۇغىسىدا) ئولتۇر»، «تۆرىدىنمۇ ئاشپەز توق»، «تۆرنىڭ ئىتىمۇ تۆرىچە ھۆرىدۇ»، «نىمچا كىيگەن قۇشناچىم تۆرگە لايىق»، «تۆردىكى بىلەن چىقىشقىچە بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش» (ياكى «تۆردىكىلەر بىلەن چىقىشقىچە، كۆرپە بىلەن چىقىش»)، «تۆرگە مۈشۈك چىقتى، بوسۇغىغا ئىت»، «ئۆينىڭ تۆرى پەگاھتىن ياخشى، راستچىل مىسكەر زەرگەردىن ياخشى»، «ئۆينىڭ تۆرىگە قارىماي، ساھىبخانىنىڭ چىرايىغا قارا» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۆر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. باشقىلار بىلەن تۆر تالىشىش، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش، ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇنغا ئۆزىدىنمۇ لايىقراق بولغان بىرەرسى كەلسە ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيدىغان مەمەدان، ھاكاۋۇر، تەكەببۇر، مەنمەنچى كىشىلەر قاتتىق ئەيىبلىنىپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ يىرگىنىش ۋە مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، باشقىلار بىلەن تۆر تالىشىدىغان كىشىلەرگە «ئىت بىلەن سايە تالىشىپتۇ، مۈشۈك بىلەن تۆر»، «تەلۋە تۆرنى بەرمەس» دەپ كىنايە قىلىنىدۇ. «بىلىملىككە تۆر، بىلىمسىزگە گۆر» دېگەن ماقال بولسا، تۆرگە ھەققىي بىلىملىك كىشىلەرلا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، بىلىمسىزلەرنىڭ پەقەت گۆرگىلا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «بىرەر مەنسەپ، مەرتىۋىگە ئېرىشىپلا ئۆزىنى باسالماي، كۆرەڭلەپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، قائىدە-يوسۇننى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ نومۇسسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ»⑯غان «پۈتى ئۆيگە كىرگىچە كەشى تۆرگە چىقىپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە «پۇل بېرىپ يۇرت تالاش، ئاش بېرىپ تۆر تالاش» دەيدىغان ماقال بار بولۇپ، «بۇ پۇرسەت، شارائىت يار بەرگەندە ئادەم يۇرت كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى، تۇرمۇش بىلىمىنى بېيىتىش كېرەكلىكىنى، يوقسۇل، نامراتلارغا خەيرىخاھ، يار-يۆلەك بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يۈكسەك پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ»⑰. ئۇيغۇرلار كىشىنىڭ ئەقىل-ئىدراكى، پەم-پاراستى ئۇنىڭ يېشىنىڭ زورىيىشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، ئەقىل ياشقا باغلىق ئەمەس، ئىنساندىن ھەرقانداق ياشتا ئەقىللىق ئادەم چىقىدۇ، ياشانغان ئادەمنىڭلا ئەقىللىق بولۇپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەرنىڭ ئەقىلسىز بولۇشى ناتايىن دەپ قارايدۇ. شۇڭا مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدە يېشى كىچىك بولسىمۇ، بىلىملىك، ئەقىللىق بولغان كىشىلەر تۆردىن ئورۇن ئېلىۋەرسىمۇ ئەيىب سانالمايدۇ، ئەمما شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە پەرزەنت ھەرقانچە بىلىملىك، ئەقىللىق، كاتتا ئادەم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاتا - ئانىسىنى پەگاھتا قويۇپ، ئۆزى تۆردە ئولتۇرۇش قەتئىي توغرا ئەمەس، خۇددى دانالار ئېيتقاندەك «بىلىمسىز تۆردە ئولتۇرسىمۇ، ئۇ تۆرنىڭ پەگاھتىن پەرقى يوق». سورۇنغا كىرگەندە تۆردە ئولتۇرۇۋالماستىن بەلكى كەمتەر بولۇش، كۆرستىپ بېرىلگەن ئورۇندا ئولتۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ۋە سورۇندارچىلىق ئەخلاقىدىكى مۇھىم ئەدەپ - قائىدىلەردىندۇر، قىسقىسى «ئۆلگەن ئادەم گۆرگە موھتاج بولغاندەك، ھايات ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە يارىشا ئىززەت - ئابرۇي، ھوقۇق - مەرتىۋىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ»⑱. شۇڭا خەلقىمىزدە «تىرىك تۆر تالىشار، ئۆلۈك گۆر» دېگەن ماقال كەڭ ئومۇملاشقان، بۇ كىشىلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك، مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدە تۆرگە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدە كىشىلەردىكى تۆر قارىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ، چۈنكى مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە كىشى تۆردە ئولتۇرسا، تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر پەگاھتا ئولتۇرىدۇ. يالغۇز مېھمان كەلسە ئۇنى تۆرگە باشلىسىلا ئىش تۈگەيدۇ، ئەمما كۆپ مېھمان بىر ۋاقىتتا كەلگەندە ئۇلارنىڭ قايسىسىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىش مەسىلىسى ساھىبخانىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ، كىمنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇش مېھمانغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدە مۇئەييەن پەرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلاردىكى سىنىپ، تەبىقە پەرقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئەمەس، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جامائەت ئىچىدىكى ئاممىۋى پائالىيەتلەردە تەبىقە پەرقى ئانچە تەكىتلەنمەستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ تەڭ - باراۋەر بولۇشى، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش تەشەببۇس قىلىنغان. ئۇيغۇرلاردىكى تۆرگە ئەھمىيەت بېرىش ئادىتى بىر فولكلورىستىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئادەت باشقا فولكلور ھادىسىلىرى ئىگە بولغان كوللېكتىپلىق، مىللىيلىك، تارقىلىشچانلىق ۋە ۋارىسچانلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىچە ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ تۆر چۈشەنچەسى ۋە تۆر قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى، شەكىللىنىش سەۋەبى، تەرەققىياتى، تارقىلىشى، رولى ۋە ماھىيىتى، مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدىكى تۆرگە ئەھمىيەت بېرىش ئادىتى ۋە تۆر ھەققىدىكى ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە قاراشلىرىنى ھەر خىل نۇقتىلاردىن چىقىپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئىلمىي ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

---

ئىزاھلار:

①، ②، ④ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، 8 - ئاي، 1 - نەشرى، 3 - توم 168 - بەت، 305 - بەتلەر.

③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، 5 - ئاي، 1 - نەشرى، 1350، 1351 -، 1356 -، 1357 - بەتلەر.

⑤ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. 110 - جىلد. ھونلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل، 9 - ئاي، ئۇيغۇرچە، 1 - نەشرى، 402 - بەت.

⑥، ⑨ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل، 12 - ئاي، 1 - نەشرى، 32 -، 104 - بەتلەر.

⑦ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى ئۇلۇغلىشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2001 - يىللىق 5 - سان، 46 - بەت.

⑧ پاتىگۈل ئەزىز: «ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمان كۈتۈش ئادىتىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە قەدىمكى ئېتىقاد»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 - يىل، 1 - سان، 93 - بەت.

⑩، ⑫، ⑬ ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىل، 3 - ئاي، 1 - نەشرى، 203 -، 192 -، 193 -، 205 - بەتلەر.

⑪ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىل، 3 - ئاي، 1 - نەشرى 151 - بەت.

⑭، ⑯، ⑰، ⑱ ئابلىز ئەمەت تۇزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل، 10 - ئاي، 1 - نەشرى، 794 -، 205 -، 207 -، 287 - بەتلەر.

⑮ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل، 4 - ئاي، 1 - نەشرى، 523 -، 524 - بەتلەر.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)





# مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى — ھاجى ئەلنەغمە

ئابلىمىت ئىمىن

ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھاجى خىزمەت ئاخۇن، ھاجى ئەلنەغمە دېسە ئۆز زامانىسىدا ئاقتۇ، يېڭىسار، يەكەن، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، يوپۇرغا، قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش ۋە كونىشەھەر ناھىيەسى تەۋەسىدە بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىكەن. «ئەلنەغمە» دېگەن نام خۇددى دادىسىنىڭ ئىسمىدەكلا ئۇنىڭ ھاجى دېگەن ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ، ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مانا بۇنىڭدىن ھاجى ئەلنەغمىنىڭ ئۆز زامانىسىدا خەلق ئارىسىدا ئاجايىپ زور شۆھرەت قازانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھاجى ئەلنەغمە تەخمىنەن 1885-يىلى ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پىلال يېزىسىغا تەۋە يېڭىۋاپا كەنتىدە خىزمەت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. خىزمەت ئاخۇننىڭ دادىسى موللا تۆلەندى ھاجى ئۆز دەۋرىدە يۇرت-مەھەللە ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، جامائەت ئىچىدە تەسىرى كۈچلۈك، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغان بولسىمۇ، خىزمەت ئاخۇن يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن يىللاردا ئۇلارنىڭ مەئىشىتى خارابلىشىپ، كەمبەغەللىشىپ كەتكەن. ھاجى ئەلنەغمىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغىسى دۆلەت ھاجىنىڭ كۇسەن دەرياسى بويلىرىدىكى سوقا تۈگمەنلىرىگە قاراش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈگمەنگە قارايدىغان ئىبلاخۇن موللام دېگەن بىر كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان، ئىلىمدە يېتىلگەن كىتابخۇمار، قىسسەشۇناس ئىدى. ھاجى ئاشۇ كىشىدىن ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى ۋە قىسسە، داستانلارنى، شېئىر-قوشاقلارنى ئاڭلىغان، ئىبلاخۇن موللام ھاجىنىڭ زېرەك، ھوشيارلىقىنى ۋە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ مەخسۇس تەربىيەلىگەن ھەمدە قىسسە، داستانلارنى يادقا ئوقۇشنى، سۆزلەشنى ئۆگەتكەن.

ھاجى ئەلنەغمە 15 ياشلارغا كىرگەندە «يۇسۇپ-ئەھمەد»، «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»، «سەئىد-ئەنسارە» قاتارلىق شۇ زاماندا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ مەشھۇر بولغان قىسسە، داستانلارنى يادقا ئېلىپ بولىدۇ ۋە ئۆستەڭ بويلىرىدا، يوللاردا، ئېتىز-ئېرىقلاردا ئۆزى بىلگىنىچە ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆتىدۇ. شۇ زاماندا ئاقتۇ تەۋەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھاجىنىڭ ئانا جەمەت تۇغقانلىرىدىن دۆلەتشاھ ئىسىملىك بىر سازەندە بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ كىشى ھاجىنىڭ ئاۋازىنىڭ ياڭراق، يېقىملىق ئىكەنلىكە-
نى ھەمدە ناخشا، غەزەل ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ
كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ ھاجىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىدۇ.
ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى باشلىنىدۇ.
ھاجى دەسلەپتە دۆلەتشاھنىڭ يېنىدا دۇتارغا تەڭكەش
قىلىپ داپ چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇزاققا قالماي دۇتار چې-
لىشنىمۇ ئۆگىنىدۇ. دۆلەتشاھ ئۇنى ھەرقايسى يۇرتلاردى-
كى توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپ ۋە باراۋەتلەرگە بىرگە
ئېلىپ بېرىپ دۇتار، داپنى تەڭكەش قىلىپ داستان ئوقۇپ
ھاجىنى چېنىقتۇرىدۇ. ھاجى ئاشۇنداق سورۇنلاردا داپ
چېلىپ داستان ئوقۇپ يۈرۈپ كۆزى پىشىدۇ، يۈزى قاتى-
دۇ. ئىككى يىلغا قالماي ھاجى ساز چېلىشتا، ناخشا-
داستان ئوقۇشتا خېلىلا ماھارەتلىك بولۇپ يېتىلىدۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن دۆلەتشاھ تۆرنى ھاجىغا بېرىپ، ئۆزى
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ داپنى تەڭكەش قىلىپ بېرىدۇ ۋە
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتىدىن
پەخىرلىنىپ ھەرقايسى سورۇنلاردا ئۇنىڭ ماھارىتىنى، تا-
لانتىنى ماختايدۇ، بۇ ھال ھاجىنىڭ داستانچىلىق سەنئىتىنى
مۇستەقىل ھالدا راۋاجلاندۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1915-يىلى ھاجى 20 ياشلارغا كىرگەندە زامانىنىڭ
زۇلۇمى ۋە تۇرمۇشنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن، ئۇ يېڭىۋاپې-
دىكى يەنە بىر سازەندە ئەمەت كالپۇك دېگەن كىشى
بىلەن بىللە كەشنى بويتاسمىسىغا ئېسىپ، خۇرجۇننى دو-
لىسىغا ئارتىپ، دۇتارنى قولتۇقىغا قىسىپ ئەنجانغا چىقىپ
كېتىدۇ. ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى نۇرغۇن
رايونلىرى بىردەك ئەنجان دەپ ئاتىلاتتى ھەمدە جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان نامراتلار، يېتىمچىلار ئەن-
جانغا بېرىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ كېلەتتى. بەزىلىرى پۇلمۇ
تاپالماي، سەرگەردان بولۇپ، يۇرتىغا قايتالماي ئۆمرى
شۇ ياقلاردا مۇساپىرچىلىقتا ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزىلەر يولدا
بۇلاڭچى، قاراقچىلارنىڭ قولىدا پۇل مېلىدىن ياكى جېنى-
دىن ئايرىلىپمۇ قالاتتى. ھاجى ئەنجانغا بېرىش بىلەن تەڭ
قەشقەر تەۋەسىدىن بارغان مۇساپىر ئىشلەمچىلەر ئۇنى ئا-
رىغا ئېلىپ ھۆرمەتلىدى، يول كۆرسەتتى، باشپاناھ
بولدى. ئۇنىڭ ئىشلەپ پۇل تېپىپ كۈندىلىك تۇرمۇشنى
خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ياردەم قىلدى، ھاجىمۇ
ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى يەردە قويماي، ئىش-ئەمگەكتىن
بوشىغان چاغلاردا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ.

مانا بۇ جەريان ئۇنىڭ تالانتىنى يېتىلدۈرۈش سورۇنى
بولۇپ قالىدۇ. ھاجىدا بىرلا كۆرگەن ۋە ئۆزىگە تەسىر
كۆرسەتكەن ۋەقەلەرنى ھازىرلا قوشاققا قوشۇپ ئاھاڭغا
سېلىپ ئوقۇيدىغان بىر خىل ماھارەت يېتىلىپ بارىدۇ. ئۇ
ئىنتايىن تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ھازىر جاۋاب، چاق-
چاققا ئۇستا بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن نەسىردىن
ئەپەندى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى ئېيتىپ كىشىنى كۈل-
دۈرۈپلا يۈرىدۇ ۋە بەزىدە ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى
ئېيتىپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. ئۇلارنى
گاھى يىغلىتىدۇ، گاھى شادلاندۇرىدۇ. ئەنجانغا بارغاندىن
كېيىنكى ئىككىنچى يىلى بۇغداي ئورمىسى يېتىپ كەلگەن-
دە، ئۇ ئىشلەمچى دوستلىرى بىلەن بىللە ئەنجانلىق بىر
باينىڭ بۇغدىيىنى ئورۇۋېتىپ ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ
ھەسرەت-پىغانى ئۆرلەيدۇ-دە:

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار،
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار.

دەپ دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆز يۇرتلىرىنى
سېغىنىدۇ.

تاشكەنتتە بەش يىلچە تۇرغاندىن كېيىن، ئەمەت
كالپۇك بىلەن بىللە يۇرتى يېڭىۋاپىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ
چاغدا ئۇ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، داستان ئوقۇشتا
ھەقىقىي يېتىلگەن سازەندە سەنئەتكارغا ئايلىنىدۇ. جەمئى-
يەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەر ئۇنى ئۆز ئۆيلىرى ۋە
ئۆز يۇرتلىرىدىكى توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپ، بارا-
ۋەتلەرگە بەس-بەستە تەكلىپ قىلىشىدۇ. ھاجى ئەلنەغمە-
نىڭ داڭقى يىراق-يىراقلارغا تارىلىدۇ. نەتىجىدە يېڭىسار،
يەكەن، يوپۇرغا، پەيزاۋات، ئاتۇش، قەشقەر، كونىشەھەر
تەۋەلىرىدىن ئادەم كېلىپ ھاجى ئەلنەغمىنى ئۆز يۇرتلىرى-
غا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ دۇتار بىلەن چالغان ئاھاڭلار، ئۇ
ئېيتقان ناخشىلار خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققىنى ئۈچۈن ئۇ
خەلق ئارىسىدا «ھاجى ئەلنەغمە» دېگەن شەرەپلىك نام
بىلەن ئاتىلىدۇ.

ھاجى ئەلنەغمە ئۆمرىدە «غېرىب-سەنەم»،
«يۈسۈپ-ئەھمەد»، «تاھىر-زۆھرە»، «ھۆرلىقا بىلەن
ھەمراجان»غا ئوخشاش كىلاسسىك داستانلارنى ۋە نۇر-
غۇنلىغان خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇش بىلەنلا قالماستىن،

يەنە ئۆزىمۇ نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى ئا-ھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان قوشاق-ناخشىلىرىنى ئۆزى ياكى باشقىلار خاتىرىگە ئالما-غانلىقتىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئاڭلىغانلارنىڭ ئېسىدىن كۆ-تۈرۈلۈپ كەتكەن. پەقەت ئۇنىڭ ئاز ساندىكى قوشاقلى-رىلا ھاجى ئەلنەغمىنىڭ بەشىنچى ئوغلى ئابباس ھاجى (ھازىر 72 ياش) نىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

1. «نىتەي» (قانداق قىلاي) دېگەن ماۋزۇدىكى قوشاق.

نىتەي، نىتەي جانى نىتەي،
سېنى تاشلاپ نەگە كېتەي.
گەر ۋىسالغا يەتمىسەم،
قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كېتەي.

نىتەي، نىتەي جانىم نىتەي،
يارغا جان قۇربان ئېتەي.
يار ماڭا كۆز سالمىسا،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

2. «تاجىخان» ناملىق قوشاق:

مەن نەگە بارالايمەن،
بويۇنۇم قىلدا باغلاقلىق.
خۇدانىڭ تەقدىرى مۇشۇ،
مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

ۋاي تاجىخان، تاجىخان،
يۈرەكلىك مۇزمۇ يا تاشمۇ؟

مەن نەدە تۇراي ئەمدى،
بارارغا مەنزىلىم يوقتۇر.
بۇ جايدا تۇراي دېسەم،
كىرەرگە ئۆيلىرىم يوقتۇر.

ۋاي تاجىخان، تاجىخان،
دەردىمگە يېتەر كىملەر.
ۋاي تاجىخان، تاجىخان،
يۈرەكلىك مۇزمۇ يا تاشمۇ؟

ئابباس ھاجىنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ ناخشىلار ھاجى ئەلنەغمىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئىكەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى يەنە رېئال تېمىلارغىمۇ بېغىشلانغان. مەسىلەن، ئۇ «شەمە-بىلە» ناملىق راۋاب قوشىقى ئىجاد قىلغان ئىكەن.

يېڭىساردىن خەۋەر كەلدى،
شەمبىلەرگە بارسۇن دەپ.
ئەرلەر ئورنىدىن تۇرسۇن،
خوتۇن-قىزلار قالسۇن دەپ.

ھەر تۇتۇندىن بىر ئادەم،
مەيلى ئىككى - ئۈچ ئادەم.
شەمبىلەرگە يۈزلىنىپ،
قولغا كەتمەن ئالسۇن دەپ.

«ھاجى ئەلنەغمە تاشكەنت شەھرىدە دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن كۈنلەردە مانىنان ئۇيغۇر دېگەن بىر سازەندىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ يېنىغا تارتىپ شاگىرت قىلىپ تەربىيىلىگەن ئىكەن» دېگەن گەپلەر بار.

ھاجى ئەلنەغمە ئەنجاندىن بىر خۇرجۇن كىتاب ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، يۇرتتىكى چاغلىرىدىمۇ خېلى نۇرغۇن كىتاب يىغقان. بۇ كىتابلار ھاجى ئەلنەغمىنىڭ ۋا-پاتىدىن كېيىن، ئەۋلادلىرىنىڭ بىخەستەلىكى تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن. بىر قىسمى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگى-لىدە نابۇت قىلىنغانىكەن. ھازىر ئابباس ھاجىنىڭ قولىدا بىر قولىيازما ساقلانماقتا. قولىيازما خوتەن قەغىزىگە يېزىل-غان، ئەسەرنىڭ باش-ئاخىرى يوق. قولىيازمىنىڭ باش قىسمىدا «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ناملىق ھەجۋىي داستان، ئوتتۇرىسىدا «ئىبراھىم ئەدھەم» داستانى، ئاخى-رىدا «گۆر ئوغلى» داستانى بار ئىكەن.

ھاجى ئەلنەغمە 1949-يىلى 8-ئايدا 64 يېشىدا يې-ڭىۋاپىدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ ئۆمرىدە ئون نەچچە شاگىرت سازەندە، ئەلنەغمىچى يېتىشتۈرگەن بول-سىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئا-لەمدىن ئۆتكەن. ھازىر ھاجى ئەلنەغمىنىڭ ئىشلىرىنى دا-ۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بەشىنچى ئوغلى ئابباس ھاجىمۇ ياشىنىپ قالغان.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر مۇزىكا ئاھاڭلىرى-نى ساقلاپ قېلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى بەخش ئەتكەن مەشھۇر سەنئەتكار ھاجى ئەلنەغمە خەلق خاتىرىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بېيجىڭ ئادىمى

جۇكودىيەن «بېيجىڭ ئادىمى» خارابىلىقىنىڭ ئورنى غەربىي جەنۇبىي تاغلىق رايونىنىڭ جۇكودىيەن بازىرىدىكى لوڭگۇ (ئەجدىها سۆڭىكى) تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ، ئۇ دۇنيادا بايقالغان خام ماتېرىيالى ئەڭ مول، ئەڭ سىستېمىلىق بولغان ئىپتىدائىي كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىنسانلار خارابىلىقىدۇر.

ئۇ، 1987 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي - مەدەنىيەت مىراسلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

«بېيجىڭ ئادىمى» بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 ~ 500 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن بىر خىل مايمۇنسىمان ئادەم. ئۇنىڭ تاش قاتمىسى جۇكودىيەندىكى لوڭگۇ تاغ ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان. بۇ يەردىكى بىر قىسىم تاش جىنسلىرى رايونىنىڭ يەر ئۈستى تۇزلۇشى كارستلىق تاش ئۆڭكۈرىگە تەئەللۇق بولغاچقا، بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق كەنت ئاھالىلىرى داۋاملىق تاغنى قېزىپ، تاش جىنسلىرىنى يېقىلغۇ قىلىدۇ. ئۇلار تاغ ئۆڭكۈرىدىن ۋە تاغ يېرىقچىلىرىدىن بىر قىسىم پەرق ئېتىش قىيىن بولغان ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان جىنسلىرىنى بايقىغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ «لوڭگۇ» (ئەجدىها سۆڭىكى) دەپ ئاتىغان، لوڭگۇ تېغى دېگەن ئىسىممۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

«بېيجىڭ ئادىمى» خارابىسىنى 1921 - يىلى شىۋېتسىيەلىك ئالىم ئانتېس ئالدى بىلەن بايقىغان. 1921 - ، 1923 - ۋە 1927 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لوڭگۇ تېغىنىڭ يېرىلىپ دەز كەتكەن جايلىرىدىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۈچ تال تاشقا ئايلانغان چىشىنى تاپقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن تاش قوراللارنى، ئوت تۇتاشتۇرۇشتا ئىشلەتكەن يادىكارلىقلارنى ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تاش قاتمىسىنى بايقىغان. كېيىن بۇ ئۈچ تال تاشقا ئايلانغان چىش «بېيجىڭ جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمىنىڭ تاش قاتمىسى» دېگەن نامنى ئاتا قىلغان، بۇ خىل ئىپتىدائىي ئادەم «بېيجىڭ جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە قىسقارتىلىپ «بېيجىڭ ئادىمى» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇكودىيەننى كەڭ كۆلەمدە قېزىش باشلاندى. 1929 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو قەدىمكى جانلىقلار مۇتەخەسسىسى ۋېنجوڭ بۇ يەردە بىر مۇكەممەل بولغان «بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىنى بايقىدى. بۇ قېتىملىق بايقاش دۇنيا ئارخېئولوگىيەچىلىرىنى ھەيران قالدۇردى ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىنسانشۇناسلىق مۇتەخەسسىس - ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

بېيجىڭ ئادىمىنىڭ بايقىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى زور ۋە مول بولغان، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىت «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ ياشىغان ۋاقتىنى بۇنىڭدىن 200 مىڭ يىلدىن 500 مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دەپ ئىسپاتلاپ، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەدرىجىي

تەرەققىي قىلىپ، ئەقىللىق بولغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تۈگۈنى يېشىپ بەردى. بۇ بايقاش بىئولوگىيە ئىلمى، تارىخ ئىلمى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىي تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە. «بېيجىڭ ئادىمى»نى بايقاشنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك ئەھمىيىتى، ئۇ بىزگە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى ۋە يەنە شۇنى بىلدۇردىكى، ئىپتىدائىي تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «بېيجىڭ ئادىمى» قىيا تاشلارنى تاللاپ، تاش قوراللارنى ياساشنى بىلگەن. شۇنىڭدەك ھەربىي قورال - ياراق ۋە ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن. ئىپتىدائىي تاش قوراللارنى ئىشلىتىشتىن بارا - بارا ئەمگەك قىلىشنى ئۆگەنگەن. بۇ بولسا، ئادەم بىلەن مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ تۈپ پەرقلىنىدىغان تەرىپى.

بىراق ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ تاش قاتمىسى ئۇيۇلمىغان يەردىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يۆتكەپ توشۇش جەريانىدا يوقالغان. پەقەت گەج بىلەن قاتتۇرۇلغان مودىللا قالغان.

بۇ دەل جۇكودىيەندىكى «بېيجىڭ ئادىمى»تاش قاتمىسىنى قېزىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە يۈز بەردى، يەنە 1936 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ياپون فاشىستلىرى بىلەن گىتلېر «ياپونىيە - گېرمانىيە كوممۇنىزمغا قارشى ئەھدىنامە»سىنى تۈزدى. 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياپون جاھانگىرلىرى «لۇگوچياۋ ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزگە بولغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بېيجىڭ قولدىن كەتتى. ئۇرۇش ئوتى جۇكودىيەنگىمۇ تۇتاشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، جۇكودىيەندىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىلاجسىز توختىتىلدى. 1941 - يىلى كۈزدە، ئۇرۇش ئوتىنىڭ خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىرقانچە يىل ئىلگىرى بايقىغان تاش جىنسلىرىنىڭ ھەممە ئەۋرىشكىسىنى ئىككى چوڭ ياغاچ ساندۇققا قاچىلاپ، پېچەتلەپ، بېيجىڭ خېشې دوختۇرخانىسىنىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا يەتكۈزۈلۈپ، شۇ كۈنى يەنە F بىنانىڭ 4 - نومۇرلۇق بىخەتەرلىك ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىپ ۋە ۋاقىتلىق ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ساقلاش ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنى ئىككى ياغاچ ساندۇق يەنە يۆتكەپ مېڭىلدى. كىم بىلسۇن بۇ قېتىم شۇ ماڭغانچە ئاخىرقى ھېساپتا قەيەرگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى ئېنىق بولمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ تاش قاتمىسى سىرلىق غايىب بولدى ۋە ھازىرغا قەدەر ئىز - دېرىكى ئېنىق ئەمەس.

تاشقا ئايلانغان بۇ جەسەتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە قارىتا جۇڭگو، ئامېرىكا، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن 70 نەچچە يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ جەرياندا يەنىلا قانائەتلەنگىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

بىرىنىڭ دېيىشىچە، ياپونىيەلىكلەر جىڭخۇاگداۋنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيەسى ساقلىماقچى بولۇپ ئېلىپ ماڭغان تاش قاتمىلارنىڭ ھەممىسىنى پويىزدىن چۈشۈرۈۋېلىپ، يۈك پاراخوتىغا بېسىپ تيەنجىنگە قاراپ كېتىپ بارغاندا پاراخوت پېشكەللىككە ئۇچراپ سۇغا غەرق بولۇپ، ئۇ تاش قاتمىلارمۇ دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنمىش.

يەنە بىرىنىڭ دېيىشىچە، پاراخوت چۆكۈپ كەتمىگەن، سەپەر ئۈستىدە ياپون ئارمىيەسى ئولجا ئالغان، تاش قاتمىلار ياپون ئارمىيەسىنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىنلا ئىز - دېرەكسىز يوقالغانمىش.

كېيىن بىر خەۋەردە، «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ تاش قاتمىسى ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىدە بايقالغانمىش. بىراق جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈۋالغان ماددىي بۇيۇملارنىڭ تىزىملىكىدە «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ تاش قاتمىسى پەقەتلا يوق ئىدى.

1972 - يىلى ئامېرىكىدىكى كاتتا باي سودىگەر جامىس تاش قاتمىلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى تېپىپ بەرگەنلەرگە 150 مىڭ دوللار مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەنگەن بولسىمۇ، بىراق نەتىجىسى يوق بولۇپ چىقتى.

1987 - يىلدىن ئىلگىرى بىردىنبىر بولغان «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ خارابىسىنى جۇڭگو شۇ كۈنگە قەدەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى»نىڭ تىزىملىكىگە كىرىشكە پەقەت ئىلتىماس قىلمىغان.

2004 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 14 كۈنىگىچە دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان ئىككى پارچە «بېيجىڭ ئادىمى»نىڭ باش سۆڭەك تاش قاتمىسى (باش سۆڭەك قېپىنىڭ) ھەقىقىي ئەسلىسىنى جۇكودىيەن «بېيجىڭ ئادىمى» خارابىسى مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلدى. بۇ ئۇنىڭ 1966 - يىلى توپا ئاستىدىن قېزىۋېلىنغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىدۇر.

مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى

(تەرجىمان: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

# قىزىلئۆي



مەمتىمىن ئابدۇخالىق

«قىزىلئۆي» 2006 ـ يىلى مەملىكەت دەرىجە-
لىك قوغدىلىدىغان تارىخي ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن
تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن مۇزېي
بولۇپ، ئەينى يىللىرى رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن
چۆچەككە كەلگەن تاتار سودىگەر رامازان چانىشىف
تەرىپىدىن 1910 ـ يىلى سېلىنىشقا باشلىنىپ 1914 ـ
يىلى پۈتكەن. ئۆينىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2043 كۋاد-
رات مېتىر، ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قەۋەت، 16 ئېغىز
ئۆي، ئاستى قىلىن تاختايلىق، ئۆگزىسى يېشىل
رەڭلىك قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان، ئىشىك ـ دېرىزىلە-
رى نەقىشلەنگەن، سىرتقى تاملىرى قىزىل رەڭلىك
بولۇپ خەلق تەرىپىدىن «قىزىل ئۆي» دەپ ئاتال-
غان ①.

«جۇڭغارنىڭ (جۇڭغار ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)
ئالتۇن دەرۋازىسى ئاتالغان شەھىرىمىز چۆچەك
1850 ـ يىللاردىلا ئېلىمىز بىلەن رۇسىيەنىڭ سودا با-
زىرىغا ئايلانغان ماكان ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى يىللىرى رۇسىيەدىن چۆچەك شەھىرى-
گە رامازان چانىشىف ئىسىملىك تاتار سودىگەر كېلىپ
سودا قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ ئادەم شۇ چاغلاردا
چۆچەك شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ بازار ئاچقان
ئۆزبېك سودىگەر قاجىتايدىن مال قويغۇدەك ئورۇن
سورىغاندا، ئۇ ئادەم بەك يۇقىرى باھا قويغانلىقتىن
ئىككىسى باھادا كېلىشەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئال-
دىغا سودا بازىرى ۋە تۇرار جاي سېلىشنى پىلانلىغان





تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باج تاپشۇرمايلا ئۆز ئىختىيارىچە سودا قىلىش، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا ۋە سودا چەمبىرىكى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، 1895 - يىلى سودا چەمبىرىكىنى ئايرىۋالدۇ. چەمبىرەك ئىچىدىكى بارلىق ئىشنى كونسۇلخانا باشقۇراتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشقۇرالمايتتى... شۇ زامانلاردا ئۈرۈمچى چەمبىرىكى ئىچىگە چوڭراق فىرمىدىن جەمئىي سەككىزى جايلاشقان. ئەڭ چوڭى تاتار خۇسەيىن، خەسەن دېگەن ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەننىڭ جىشياگيۇڭ فىرمىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا تاتار ئاكا - ئۇكا ئىسھاقلار ئاچقان تيەنشىڭ فىرمىسى، ئۆزبېك ئىمىنجان، تۇرسۇن بابا ئاچقان دېشىڭ فىرمىسى، ئۆزبېك مىرسالىي، راخمانباي ئاچقان دېخې فىرمىسى ئىدى؛ ئۈچىنچى ئورۇندىكىسى ئۆزبېك مەنسۇرجان ئاچقان جىلى فىرمىسى، ئۆزبېك تاجى ئوسمان ئاچقان رېنجۇڭشىن فىرمىسى، تاتار زىيابای ئاچقان زېشىڭ فىرمىسى، ئۆزبېك ئابىت ئاچقان ماۋشىڭ فىرمىسى ئىدى. بۇ سودا فىرمىلىرىنىڭ شەمەي، چۆچەكلەردە باش دۇكىنى ۋە شۆبىلىرى بار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تېخى تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ شۆبىلىرى بار ئىدى. سودا فىرمىلىرىنىڭ كاپىتالىستلىرى مۇستەملىكىچىلىك، بۇلاڭ - تالاڭ يولى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ بېيىپ كەتكەنلەر ئىدى. مەسىلەن، جىشياگيۇڭ فىرمىسىنى قۇرغۇچى رامازان ھاجىنى ئالساق، ئۇ ئىلگىرى ھارۋىكەش ئىدى. ئۇنىڭ ۋارىسى — ئۇنىڭ جىيەنى خۇسەيىن بولسا كەمبەغەل دېھقان ئىدى.» دەپ ئېنىق يېزىلغانىكەن.

دېمەك، بۇ ئۆينى خەسەنباي چانىشىق باش بولۇپ سالدۇرغان بىلەن بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلار خوجايىن رامازان چانىشىقتىن بولغانىكەن. شۇڭا ماقالەمدە مەن بۇلارنى ئورتاق فامىلىسى بويىچە چانىشىق دەپ ئېلىشنى توغرا كۆردۈم، چۈنكى بۇ قىزىلئۆينىڭ سېلىنىشىدا ئەلۋەتتە خەسەنباينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىنىسى خۇسەنباي چانىشىقنىمۇ ئەمگىكى يوق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ماقالىدە ئاساسەن چۆچەكتىكى خەسەنباي چانىشىق سۆزلىنىدۇ.

ئاشۇ يىللاردا ئون نەچچە يىل داۋاملاشقان چانىشىق ئائىلىسىنىڭ قىزىلئۆي سودىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا



چانىشىق 1910 - يىلى رۇس ئېلىدىن ئىنژېنېر، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرگۈچىلەرنى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن چاقىرتىپ، مانا بۈگۈنكى بۇ بىر ئەسىر بولغان قىزىلئۆينى سالدۇردۇ. بۇ ئۆينىڭ بارلىق ماتېرىياللىرى رۇسىيەدىن كىرگۈزۈلگەن، بۇ ئۆي تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىت سېلىنىپ، 1914 - يىلى چانىشىق ئائىلىسى بۇ يېڭى ئۆيلىرىگە ماكانلىشىدۇ، ئاشۇ چاغلاردا چانىشىق بۇ قىزىلئۆينىڭ غەرب تەرىپىگە بىر مەسچىتمۇ سالدۇردۇ، خەلق بۇ مەسچىتنى كۆك مەسچىت دەپ ئاتىغانىكەن»②.

مەن بۇ قىزىلئۆيگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بۇ ئۆينى زادى كىم سالغانلىقى، نېمە ئۈچۈن مۇزېينىڭ غەرب تەرەپتىكى تامغا يېزىلغان چۈشەندۈرۈشتە رۇسىيەدىن كەلگەن رامازان چانىشىق دېگەن تاتار سودىگەر سالغان دەپ يېزىلىدۇ؟ يۇرت چوڭلىرى نېمىشقا رامازان چانىشىق ئەمەس خەسەنباي چانىشىق دەيدىغاندۇ؟ بۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار، ئۇلار ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتتىمۇ ياكى... دېگەندەك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن يۇرت چوڭلىرىنى زىيارەت قىلغاچ ماتېرىيال ئىزدىدىم. بىر كۈنى مەكتىپىمىزنىڭ كىتابخانىسىدىن بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. كىتابنىڭ 10 - ، 11 - بەتلىرىدە دەل مەن ئاپماقچى بولغان مەسىلىنىڭ جاۋابى چىقتى. «چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ، تەڭرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن رۇسىيە سودىسىنىڭ، شۇنداقلا ياۋروپاغا تۇتاشقان «يىپەك يولى»نىڭ بىر چوڭ سودا بېكىتىگە ئايلىنىدۇ. بۇ مەزگىللەردە چانشىڭ ئائىلىسىنىڭ سودىسى ئىنتايىن راۋاج تېپىپ، چانشىڭمۇ ناھايىتى چوڭ ساخاۋەتچى بايلاردىن ئاتىلىپ، خەلق ئارىسىدا چوڭ نام-ئابرۇيغا ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. بىراق 1933-يىلىغا كەلگەندە شىڭ شىسەي شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ رەزىل سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ. بايلارنى، زىيالىيلارنى تۈرلۈك باھانە سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامايدۇ ياكى ئۆلتۈرۈپ مال-مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، پۇلى يوقنى ئىشلىتىپ ھالدىن كەتكۈزىدۇ. چوڭلاردىن ئاڭلىشىمىزچە، شۇ چاغلاردا شىڭ شىسەي چۆچەكتىن 70 تەك پۇلى بار باينى ۋە نامى بار زىيالىيلارنى قولغا ئېلىپ ئالدىنى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقىتىپ، كەينىنى تۈرمىگە سولىغانىكەن. شىڭ شىسەينىڭ رەزىل سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، 1938-يىلى چانشىڭمۇ قولغا ئېلىنىپ كېيىنچە تاغارغا سولىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. قىزىلئۆي شىڭ شىسەينىڭ قولغا ئۆتۈپ دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، 1945-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن، قىزىلئۆي ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چانشىڭنىڭ باللىرىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كېيىنچە چانشىڭ باينىڭ بالىلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، دادىلىرى سالدۇرغان بۇ قىزىلئۆينى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزىلئۆي يەنە بىر مەزگىل داۋاملىق دوختۇرخانا بولۇپ تۇرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن 1951-يىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىدۇ، 1975-يىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بەش قەۋەتلىك يېڭى خىزمەت بىناسى پۈتۈپ كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇش دېگەندەك ئىشخانىلىرى داۋاملىق مۇشۇ قىزىلئۆيدە خىزمەت يۈرگۈزىدۇ. 1985-يىلى قىزىلئۆي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «تارباغاتاي گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، 2006-يىلى ۋىلايەتلىك مۇزېي قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

قىزىلئۆي ئەينى يىللاردىكى شانلىق چۆچەك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولغان بىباھا مىراس. سىز ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىسىڭىز ئاجايىپ تارىخنى، مەدەنىيەتنى كۆرەلەيسىز. ئەگەر قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسىڭىز، خۇددى تۈگمەس ناخشىغا ئوخشاش تۈگمەس ھېكايىنى ئاڭلىيالايسىز. بىز چۆچەك شەھىرىنىڭ بۇ ئاز بولمىغان 100 يىللىق ئەگرى-توقايلىق تارىخىنى مانا مۇشۇ قىزىلئۆينىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتسەك ئىدى، بۇ شەھەرنىڭ تارىخى خۇددى 100 قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىملەردەك تارىخنىڭ ئەينەن رېئاللىقىنى كۆرسىتەر ئىدى. چۈنكى قىزىلئۆي چۆچەكنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈردىغان ۋە ئۆكۈندۈردىغان تالاي ۋەقە ھادىسىلىرىنى كۆرگەن ئالاھىدە ئۆي، شۇڭلاشقىمۇ چۆچەك خەلقى قىزىلئۆينى چۆچەكنىڭ نۇرغۇن خەتەرلەردىن ئامان قالغان ئېسىل تەۋەررۈكى دەپ بىلىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇنداق ئەھۋاللار چۆچەكتىمۇ كۆپ بولغان. مەسىلەن، خەلق پاي قوشۇپ سالدۇرغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ياۋروپا پاسونىدا سېلىنغان خەلق تىياتىرخانىسى (خەلق كۇلۇبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۇلۇبنىڭ داۋامى 1937-يىللىرى سەيپىدىن ئەزىزىلەر باش بولۇپ تۈگەتكەن ئىكەن)... دېگەندەك قۇرۇلۇشلارمۇ چېقىلىپ تۈگىدى. مانا مۇشۇ قىزىلئۆي ئەينى يىللاردىكى تارىخنىڭ يادىكارى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھازىر بىزنىڭ ساياھەت



2011 . 2



بايلىقىمىز بولۇپ ئەتىۋارلىنىپ قارىلىۋاتىدۇ. شەخسەن مەنمۇ ئادەتتە باشقا يۇرتلاردىن چۆچەككە كەلگەن مېھمانلىرىمنى، مانا مۇشۇ قىزىلئۆينى زىيارەت قىلدۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 2001 ـ ، 2002 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىزگە دەرس ئۆتكىلى كەلگەن ئارسلانكام باشلىق نۇرمۇھەممەد زامان، بۇغدا ئابدۇللا، قاۋسىلقان قامجان، ئەسئەت سۇلايمان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ مانا مۇشۇ قىزىلئۆينى زىيارەت قىلدۇرغانىدىم. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغلاردا بۇ قىزىلئۆي ھازىرقىدەك بىرەر قۇر قايتا يېڭىلانمىغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ «مەدەنىيەت بۆشۈكى» بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. تېخى يېقىندا بىر ئاغىنەمنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئالىي مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشىنى بۇ جايىنى زىيارەت قىلدۇرغىلى ئېلىپ بارغانىدىم. ئۇ كۆرۈپ: «بۇ نەق مەن كۆرۈشكە قىزىقىدىغان قەدىمي ئىمارەتكەن، مەنمۇ نۇرغۇن شەھەرلەرگە بارغان، ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى بۇنداق قەدىمي ئۆيلەرنى كۆرمەپتىكەنمەن. سېلىنغىنىغا 100 يىل بولغان بۇ قەدىمي ئۆي يەنىلا شۇنداق مەزمۇت تۇرۇپتۇ، مۇشۇ ئۆينىڭ ئۆزىدىنلا چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيەت پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. ھەي، بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈنلۈكتىمۇ خېلى ـ خېلى ئادەملەرمۇ مۇنداق مۇستەھكەم، تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردەك كېلىدىغان يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بۇنداق ئۆيلەرنى سالالىشى ناتايىن جۇمۇ!» دېگەنىدى. مۇشۇ ئاغىنەمنىڭ گېپىدىن تەسىرلەندىممۇ ۋە ياكى مەندە بۇ ئۆي توغرىسىدا باشقىچە بىر ھېسسىيات پەيدا بولدىمۇ، ئىشقىلىپ يېقىندىن بۇيان مۇشۇ ئۆي توغرىسىدا بىر نېمە يېزىش كاللامغا كىرىۋالدى. ئەلۋەتتە، بۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇپلا يېزىۋەتكىلى بولمايدىكەن. بىردەم مۇزېيغا، بىردەم گېزىتخانىغا، كۇتۇپخانىغا دېگەندەك ئورۇنلارغا بېرىپ ماتېرىيال ئىزدىدىم. بۇ ئۆي توغرۇلۇق تەپسىلىي يېزىلغان ماتېرىيال يوق (بەلكىم بەرگىسى كەلمىدىمۇ؟). چۆچەكتە چانىشىق ئائىلىسىنىڭ يېقىن بىر تۇغقانلىرىمۇ تۇرۇك قالماپتۇ. ئالدى ئۇ دۇنياغا ئاتلىنىپتۇ. قالغانلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ھەرياقلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. لېكىن چانىشىق فامىلىسىنى قوللىنىۋاتقان بىر نەچچەيلەننى ئاڭلاپ ئۇلارنى زىيارەت قىلدىم. ئەزىز چانىشىق: «مەن خەسەنباي چانىشقىنىڭ ئىنىسى خۇسەنباي چانىشقىنىڭ نەۋرىسى بولىمەن. راست گەپنى قىلسام بالام، مەن بۇ قىزىلئۆي توغرۇلۇق تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. لېكىن مەن ساڭا بىر نەچچەيلەننى دەپ بېرەي، سەن شۇلارنى زىيارەت قىلساڭ، ئۇلار خېلى ياخشى بىلىدۇ» دېدى.

يۇرت چوڭلىرىدىن مەريەم تۇردىبايېۋا (1927 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1948 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە مەھمۇدىل قەشقەرى مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولغان...) ئاپپاي زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىپ بۇ قىزىلئۆي توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «خېلىلا ئېسىمنى بىلىدىغان مەزگىللىرىم ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىمىزدىلا، بىز بەزىدە مۇشۇ قىزىلئۆي ئەتراپىغا ئوينىغىلى كېلەتتۇق. چۈنكى خەسەنباي چانىشقىنىڭ قىزلىرى بىلەن بىز تونۇشاتتۇق. چانىشىق باينىڭ ناجىيە قاتارلىق قىزلىرى، ئاپپاق قاتارلىق ئوغۇللىرى بولغان. گەرچە ئەينى يىللىرى چۆچەكتە ياۋروپا پاسونىدا سېلىنغان ئۆيلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىزىلئۆي شۇ چاغلاردىمۇ چۆچەكتىكى ئەڭ كاتتا ئىمارەت بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق ئات ـ ھارۋىلار بۇ ئۆينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ چىقىپ ھەممىمىزنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزنىڭمۇ چانىشىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بايىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كۆرگىمىز كېلەتتىيۇ ئەيمىنىپ
كىرەلمەيتتۇق. چانىشقىلاردىن رۇسىيە تەرەپتىكىلەرنى
ياخشى بىلمىسەكمۇ، چۆچەكتىكى خەسەنباي چانىشىق
بىلەن ئۇرۇمچىدە تۇرىدىغان ئىنىسى خۇسەنباي چانىشىقىـ
نى ۋە بۇلارنىڭ تۇغقىنى سەرىپباي چانىشىقنى بىز خېلى
ياخشى بىلىمىز. بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن شۇ چاغلاردا
چېگرا سودىسى قىلىپ، رۇسىيەدىن ئېلىمىزگە كىرگۈزۈلـ
گەن تاۋارلارنى خەسەنباي چانىشىق چۆچەكتە تاپشۇرۇۋېـ
لىپ، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىنىسى خۇسەنبايغا يەتكۈـ
زۈپ بېرىپ، ئۇرۇمچىدىن ئىنىسى ئەۋەتكەن تاۋارلارنى
چۆچەكتىن رۇسىيە تەرەپكە چىقىرىپ چوڭ جەھەتتىن
ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىنى قىلاتتى. ئاڭلىشىمىزچە
ئەينى يىللىرى خەسەنباي چانىشىق بۇ قىزىلئۆيىنى سېلىپ
بولغاندىن كېيىن، رامازان چانىشىق شەمەيدىن چۆچەككە
كەلگەندە بۇ ئۆيىنى كۆرۈپ: «ئۆيىڭىز ناھايىتى ياخشى
كاتتا سېلىپسەن، لېكىن ئۆيىڭ يېنىغا سالدۇرغان مەسچىتـ
تىن ئۆي ئېگىز بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ سەل رەنجىگەندەك
بولغانىكەن. بۇ دېگىنى بەلكىم مەسچىتنى نېمشقا ئۆيىڭـ
دىن ئېگىز سالدۇرمىدىڭ دېگىنى بولۇشى مۇمكىن. ئادەتـ
تە خەسەنباي چانىشىقنى تۇغقانلىرى «ئۇلكەن ئابى دەپ
ئاتىشاتتىكەن» دەپ بۇ ئۆي ۋە چانىشقىلار توغرۇلۇق
بىلىدىغانلىرىنى ئۇرغۇن ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى،
مەن بۇ يەردە بىر قىسىملىرىنىلا مىسال ئېلىپ ئۆتتۇم.

ئىسمائىل ھاجى مەسۇمئاخۇن (1928-يىلى تۇغۇلـ
غان. ئاساسەن بىر ئۆمۈر ۋالىي مەھكىمىسىـ
نىڭ زاپخوزى بولۇپ ئىشلىگەن). مۇنداق
دەيدۇ: «مەن 1951-يىلدىن 1975-يىلىـ
غىچە مۇشۇ قىزىلئۆيدە ئىشلىدىم. ئۇ چاغـ
لاردا بۇ ئۆي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى
ئىدى. يەنى ئۇ چاغلاردا بۇ قىزىلئۆيىنىڭ
ھويلىسىدا سەن سورىغان ماخۇ بار ئىدى.
ماخۇمۇ ئىككى قەۋەتلىك ئۇستى قاڭالتىر
بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتىدە
ئاتلار باغلىنىپ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چۆپ،
بېدىلەر بېسىلاتتىكەن. كېيىن ئۇنى بىز ئۆزـ
گەرتىپ ئىدارىمىزنىڭ چوڭ يىغىن زالى قىـ
لىپمۇ ئىشلەتتۇق. كېيىنكى يىللىرى باشلىقـ
لارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېقىۋەتتۇق. بۇ

ئۆيىنىڭ ئەتراپى ھازىر نەچچە قىتىم يول ياسىدۇق دەپ
بىر مېتىردىن ئارتۇق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇرۇن كىچىك
بالىلار چانىشىق بايىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئالتۇنلىرى بار
ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، كوچا تەرەپتىكى يەر ئاستى ئۆيىنىڭ
دېرىزىسىگە يامىشىپ چىقىپ قارايتتى، ھازىر دېرىزىلىرى
تىزىمىزنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا خەسەنـ
باي چانىشىقنى كۆرىدىغان، ئۇ ئادەم بۇرۇتلۇق، قاملاشـ
قان كىشى ئىدى. لېكىن تۇرمۇشقا ئىنتايىن چىڭ بولۇپ،
ئىشلەمچىلىرىگە ھەتتا بىر تال سەرەڭگە بىلەن بىرلا ۋاقىتـ
تا ئون نەچچە ئۆيىنىڭ لامپىسىنى ياندۇرغۇزاتتىكەن. قىـ
زىلئۆيىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيى ئىشخانىـ
سى بولۇپ، سىرتقا، يەنى كوچىغا قارىتىلغان پېشايۋانلىق
ئايرىم ئىشكى بار ئىدى. بۇ ئۆيدە بوغالتىرى ۋە ئىش
بېجىرىدىغان ئادىمى ئولتۇراتتىكەن. شۇڭا قىزىلئۆيىنىڭ
غەرب تەرىپى تېمىنىڭ يۇقىرىدا KOHTOPA (كانتور —
رۇسچە سۆز بولۇپ ئىشخانا دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىلـ
غان رۇسچە خەت بار. بۇ قىزىلئۆيىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىـ
دە چانىشىق ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ھەر ياقلاردىن كەلگەن
مېھمانلىرى تۇراتتى. يەر ئاستى ئۆيىگە ئۆزىنىڭ شەخسىي
مال - دۇنيالىرىنى قوياتتى. بۇ ئادەمنىڭ بىر چوڭ يۈك
چۈشۈرىدىغان ئىسكىلاتى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى خەلق
مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئىدى. ئۇيان-بۇيانغا چىقىرىـ
دىغان ۋە ئەۋەتىدىغان ماللىرىنى مۇشۇ ئىسكىلاتىغا چۈـ
شۈرەتتىكەن. بۇنى ھازىر بەزىلەر ئاڭلىسام چانىشىق باي





ئەينى يىللىرى سودا ماللىرىنى يەر ئاستى ئۆيگە چۈشۈرەتتىكەن دېيىشىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. سودا ماللىرى يۇقىرىدا دېگەندەك ئايرىم جايدىكى ئىسكىلاتقا چۈشۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئۆز ئۆيىگە ئەمەس، ھويلىسىغىمۇ ھەرگىز قالايمىقان ئادەملەرنى كىرگۈزمەيدىكەن، ئۇنىڭ مەخسۇس ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلىرى، ئات باقارلىرى بولغان.»

مەن ئويلايمەن، بەلكىم بەزىلەر بۇ بىر باينىڭ ئۆيىنى نېمانچە يېزىپ كەتكەندۇ؟ بۇنداق ئۆيلەر تولا ئەمەسمۇ دېيىشى مۇمكىن. لېكىن گەرچە بۇ بىر باينىڭ ئەينى يىللاردىكى سالدۇرغان سارىيى بولغان بىلەن بۇ قىزىلئۆي چۆچەكنىڭ قەۋەتمۇ قەۋەت سىر ھېكمەتلىرى، شانلىق تارىخى، گۈللەنگەن مەدەنىيىتى سىڭگەن بۇ گۈزەل ئىرىك شاھىدى تۇرسا، مۇشۇ شەھەردە، قىزىلئۆي ئەتراپلىرىدا ئويناپ چوڭ بولغان بىزلەر بۇنى كەڭ خەلقىمىزگە ئەسلىي بالدۇراق تونۇشتۇرساق بولاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئەينى يىللىرى چۆچەكتە ئېچىلغان مەھمۇد كاشغەرىي نامىدىكى «مەھمۇدىل قەشقەرى» ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» (1952 — 1932) ھەققىدىكى ماقالە ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ 2005-يىلى 4-ئاينىڭ 5-، 6-كۈنلىرىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزىلەر بۇ ماقالىنى ئوقۇپ، مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ چۆچەككە كېلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈپ كەتكۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتىكەن. بەزىلەر ھەتتا ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامى بېرىلگەن بۇنداق مەكتەپنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ، چۆچەكنىڭ ئەينى يىللاردىكى مائارىپ تەرەققىياتىغا، مەدەنىيىتىگە يۇقىرى باھالارنى بەرگەن ئىكەن. ئەپسۇس، ئۇلار ئەمدى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا شۇ مەكتەپلەر بىلەن دەۋرداش قىزىلئۆي مانا كۆز ئالدىمىزدا ھېلىمۇ تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشچە: «تاتار خەلقى شىنجاڭنىڭ غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىدە توپلىشىپ، ھەرقايسى ناھىيەلىرىدە تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش ئارقىلىق تاتار مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە ياۋروپانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، ئەينى دەۋرلەردە چىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىڭ شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي-ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقانىدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ياڭ زېڭشىن فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق ئېزىشى ھەم خەلقنى نادانلىق ئىچىدە تۇتۇپ باشقۇرۇشى تۈپەيلىدىن، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تاتار خەلقى مائارىپ ئىشلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە شۇغۇللىنىش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ، يېڭى ئىلغار مەدەنىيەتنى تونۇشتۇردى. تاتارلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ياۋروپانىڭ ئىلغار بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشكەن زامانىۋى كەڭ ئەينەك دېرىزىلىك، ئاستى-ئۈستى تاختايلىق ئۆي-جايلارنى سالدى. بۇ ئۆيلەر بۇ يەرلەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىدە تەسىر قوزغىماي قالمىدى. شەھەرلەردە ياشاۋاتقان خەلق تاتارلاردىن ئۆلگە ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈڭلۈكلۈك ۋە پەنجىرىلىك ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا، تاتارلار سالغاندەك زامانىۋى ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلىدى. بۇنداق تەسىر شەھەرلىكلەر ئارىسىدىلا تارىلىپ قالماي، يايلاق قىشلاقلاردىكى قازاق خەلقى ئارىسىغىمۇ تارقالغانىدى» دەپ يېزىلغان ئىكەن ③.

تىلغا ئالغۇدەك ساياھەت بايلىقلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شەخسەن مەنمۇ تالاي ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن رەھبەرلەرنى، قازاقىستان قاتارلىق چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى بۇ مۇزېينى زىيارەت قىلدۇرغىلى ئېلىپ بارغانمەن. بۇ جەھەتتە بىز چۆچەك خەلقى بۇ قىزىلئۆينىڭ ئەسلىنى ساقلاپ، يېڭىلاپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىپ مۇزېي بولۇش قۇرۇلۇشىدا بىزنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن چۆچەكنىڭ ۋالىيسى بولغان (2002 ـ 2007) تىلۋالدى ئابدۇرېشىت رەئىسكە كۆپ رەھمىتىمىزنى ئېيتىمىز»، دەيدۇ.



شۇڭلاشقىمۇ، مەملىكەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تارىخىي ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن، چۆچەك شەھىرىدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان ياۋروپا پاسونىدا سېلىنغان بۇ قىزىلئۆينى سىرتتىن بۇ جاينى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەردىن ئاڭلىساق: «بۇ قىزىلئۆينىڭ يېنىدىكى كوچىدىن سەيلە قىلىپ ئۆتكىنىڭىزدە ئۆزىڭىزنى خۇددى رۇسىيەنىڭ موسكۋادا ياكى ياۋروپانىڭ قايسىدۇر بىر كوچىلىرىدا ماڭغاندەك ھېس قىلىدىكەنسىز» دېگەنلىرى لاپ گەپ بولمىسا كېرەك. قىزىلئۆينىڭ بۇگۈنكى كۈنلۈكتە بىر ئەسىرگە يېقىن ئۆمۈر كەچۈرۈپ، بىر ئەسىرلىك تالاي ئېگىز ـ پەس بولغان چۆچەك تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولالايدىغانلىقىغا ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ، ئەلۋەتتە. مانا بۇ قىزىلئۆي بارلىقىنى ئىچىگە يىتىپ، سۈكۈت ئىچىدە مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن 100 يىللىق تارىخنى نامايان قىلىپ بىزگە تېخىمۇ سىرلىق تۇيۇلۇپ كەلمەكتە.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى كەرىم دۈيسەنباي ئوغلى بۇ ئۆي توغرۇلۇق توختىلىپ: «بۇ قىزىلئۆي ئاخىر ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر مۇزېي بولدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قىزىلئۆي چۆچەك شەھىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ، شىنجاڭنىڭ، مەملىكەتنىڭ ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ كېلىپ زىيارەت قىلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ، بىزنىڭ ئالدى بىلەن

قوشۇمچە: 1920 ـ يىللاردا چۆچەكتىكى مەرىپەتپەرۋەر تاتار سودىگەرلىرىدىن خەسەنباي چانىشىف قاتارلىق تاتار بايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن «تۇران ئىگىسۈلىگى (تۇران تۇزلەڭلىكى) » ناملىق مەكتەپ قۇرۇلدى. كىشىلەر ئادەتتە بۇ مەكتەپنى «تۇران مەكتىپى» دەپ ئاتىدى...

1936 ـ يىلى چۆچەكتىكى ئاتاقلىق تاتار سودىگىرى ھەم مەرىپەتپەرۋەر زات خەسەن چانىشىف بىر زامانىۋى تاتار مەكتىپى سالدۇرۇپ بەردى. بۇ مەكتەپ «چانىشىف مەكتىپى» دەپ ئاتالدى④.

ئىزاھلار:

① قىزىلئۆي مۇزېيىنىڭ «قىزىلئۆينىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى» تەشۋىقات قەغىزى (خەنزۇچە).

② «يېپەك يولىدىكى ئالتۇن بوسۇغا ـ ‹قىزىلئۆي›»، ئادال ئاغىنباي ئوغلى، «تارباغاتاي گېزىتى» 2009 ـ يىلى 9 ـ يانۋار (قازاقچە).

③ «تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى تارىخنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىچكى ماتېرىيال.

④ «جۇڭگو تاتار مائارىپ تارىخى»، مالىك چانىشىف، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي... 73 ـ بەت، 133 ـ بەتلەر.

(ئاپتور: تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)



2011 . 2

# قىزىم ئامېرىكا يەسلىسىدە



**ئابدۇۋەلى ئايۇپ**

### ئامېرىكا يەسلىسىدە ئۇيغۇرچە خەت

ئامېرىكىغا كېلىپ، قىزىمنى يەسلىگە ئورۇنلاشتۇرالماي بېشىم قاتتى. ئاخىر مەكتىپىمىزنىڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ يەسلىسى قىزىمنى قوبۇل قىلدى. قىزىم گەرچە ئامېرىكا پۇقراسى بولمىسىمۇ، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ياردەم تۈرىدىن بەھرىمەن بولدى. قىزىم ئوقۇيدىغان يەسلىدە ئېيىغا نەچچە مىڭ دوللار تۆلەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ، بىزدەك مەددىكارلىق قىلىشى چەكلەنگەن، پەقەت مۇكاپاتقا تايىنىپ ياشايدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوخشاش شارائىتتا تەربىيەلىنىدىكەن. قىزىمنى يەسلىگە تىزىملاتقىلى ئېلىپ بارغاندا كىرىم ئىسپاتىمنى تاپالمىغانىدىم، خىزمەتچى خادىم «ئىسپاتنى تاپقاندا ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، قىزىڭ يەسلىگە كېلىۋەرسۇن» دېدى. ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى ۋە ئىسمىدىن سىلاۋىيان تىللىق بىر دۆلەتتىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان خادىم قىزىمنى رەسمىگە تارتىپ بولۇپ، بىزگە بىر پاتمان جەدۋەللەرنى تۇتقۇزۇپ قوبۇللاش رەسمىيەتلىرىنى تاماملىدى. جەدۋەلدە قىزىمنىڭ قايسى رەڭگە ئامراقلىقىدىن تارتىپ، قانداق تاماقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغىچە، قانداق قىلىقنى كۆپ تەكرارلايدىغانلىقىدىن تارتىپ تۇنجى دېگەن سۆزىگىچە ھەممىنى يېزىشىمىز تەلەپ قىلىنغانىدى. قىزىمىزنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەر-خوتۇن ئىككىمىز ئانچە تەپسىلىي بىلمەيدىغان بولغاچقا چوڭلاردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ بۇ جەدۋەللەرنى بىر كۈندە ئاران تولدۇرۇپ بولدۇق. جەدۋەلدە يەنە تاسادىپىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە قانداق قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يەسلىنىڭ ئىشلاردا بەك ئىنچىكىلىكىگە قايىل بولدۇم.

ئاخىر قىزىمنى يەسلىگە ئېلىپ باردىم. ساغلام چىراي ئالتۇن چاچلىق چىرايلىق بىر قىز بىلەن بىزگە سەل ئوخشاپراق قالىدىغان يەنە بىر قىز بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىرى ساغلاملىق تەكشۈرۈش ئۇسكۈنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن قىزىمنى بىر قۇر تەكشۈردى، يەنە بىرى قىزىمغا
مەخسۇس تەييارلانغان ئىشكاپنى كۆرسەتتى. ئىشكاپنىڭ
ئۈستىگە قىزىمنىڭ رەسمى ۋە «مەسئۇدە خۇش كەلدى-
ڭىز» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئىدى. ئۇيغۇرچە
خەتنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. سوراپ بىل-
دىمكى، يەسلىدىكى يېتەكچىلەر قىزىمنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى
بىلگەندىن كېيىن ئاتايىن توردىن بۇ ئۇيغۇرچە جۈملىنى
تېپىپ چاپلاپ قويۇپتۇ.

يەسلى مۇنداق ئۈچ بۆلۈم ۋە بىر چوڭ مەيداندىن
تەركىبلەنگەنىكەن: بىرىنچى بۆلۈم بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق
ئويناش، ھېكايە ئاڭلاش، ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش،
دېكلاماتسىيە قىلىش، رەسىم سىزىش، ئۆي ئىشى قىلىش،
قول ھۈنەر قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ماس بېزەلگەن ۋە
ھازىرلانغان بولۇپ تولىمۇ ئازادە ئىكەن. ئىككىنچى
بۆلۈم ئاتا- ئانىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بالىلارنىڭ مىجەز،
قىلىقلىرىنى ۋە گەپ- سۆزلىرىنى كۆزىتىشى ئۈچۈن ھازىر-
لانغان ئىكەن، بالىلار كۆزەتكۈچىلەرنى كۆرەلمەيدىكەن.
ئۈچىنچى بۆلۈم بالىلارنىڭ سىرتتا ئويناش ئىمكانىيىتى
بولمىغان ئەھۋالدا ئوينايدىغان زالى بولۇپ، سىرتتىكى
چوڭ مەيداندا بار ھەممە ئويۇنچۇق تەقلەنگەن ئىكەن.
ئوچۇقچۇلۇقتىكى چوڭ مەيدانغا تۈرلۈك ئەسلىھەلەر ئو-
رۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى-
نىڭ كىچىكلىتىلگەنلىرىمۇ بار ئىكەن، ئامېرىكىچە پۇتبول
بىلەن ۋاسكېتبولمۇ بار ئىكەن.

ئويۇنچۇقلار ئاساسەن بىر كىشىلىك، ئىككى كىشى-
لىك، ئۈچ كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك قىلىپ لايىھەلەنگەن
ئىكەن.

## ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى

ئامېرىكىغا كېلىپلا چىكاگو ئايرودۇرۇمدا دىققىتىمنى
تارتقىنى ئاتا- ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ سومكىلىرىنى
ئۆزى كۆتۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان تۆت- بەش ياشلاردىكى
بالىلار بولدى. ماگىزىنلاردا ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بالى-
لارنىڭمۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، كىيىملىرىنى ئۆزلىرى تال-
لاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زوقلاندىم. بالام كەلگەندىن كېيىن
بالىلارنىڭ ئويۇن مەيدانىغا چىقسام بالىسىنىڭ سۈتىنى بىر
قولىدا، ئويۇنچۇق، كىيىم قاتارلىقلىرىنى يەنە بىر قولىدا
كۆتۈرۈۋالغىنى يالغۇز مەنىكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدەك
تۆتكە يېقىنلاشقان بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزى ئويناپ
ئۇنتۇپ قالماي ئۆزى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ قايتىدىكەن.
مەندەك تۆت ياشقا ئاز قالغان بالىسىغا قوغلاپ يۈرۈپ
تاماق يېگۈزىدىغانلىرىنى كۆرمىدىم. بۇ يەردە ئامېرىكىلىق-
لارنىڭ مەندىن ھەيران قالغىنى بالامغا تاماق يېگۈزۈشۈم
بولدى. قوشنا ئىشتاتتىكى ئامېرىكىلىققا تەگكەن ئۇيغۇر
دوستىمىزمۇ بالىسىغا تاماق يېگۈزەلمەي ئاۋارە ئىكەن. ئۇ
باشقا ئامېرىكىلىق ئاياللارنىڭ بالىلىرىغا تاماق يېگۈزمەي
ئۆزىنىڭ يېيىشىگە تاشلاپ بېرىشىگە ھەيرانىكەن. ئامېرىكى-
لىق ئېرىمۇ ئايالىنىڭ بالىغا تاماق يېگۈزۈشىگە كۆنۈپتۇ.
بۇنىڭدىن مەن بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ نەقەدەر مۇھىم-
لىقىنى ھېس قىلدىم. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزەرىدە بالا مۇس-
تەقىل ئىنسان ئىكەن. ئۇلار بالىنىڭ كىچىكىدىن مۇستە-
قىل ئادەم بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن.

مەن ئامېرىكىلىق دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە ۋە ئاشخانى-
لاردا بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن تەڭ داستىخاندا ئولتۇرۇپ
تاماق يېيىشلىرىدىن زوقلاندىم. ھەرقانداق ئاشخانىدا با-
لىلارنىڭ چوڭلار بىلەن تەڭ تاماقلىنىشىغا لايىقلاشتۇرۇل-
غان بالىلار ئورۇندۇقى بار ئىكەن. ئامېرىكىلىقلار بالىلى-
رىغا گەپ قىلغاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىگە تىك
قاراپ گەپ قىلىدىكەن ھەم بالىلىرىدىن شۇنداق ئاڭلاش-
نى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇلاردا بالىلارنى تەنقىد قىلغاندا با-
لىلارنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئاڭلىشى تەلەپ قىلىنمايدى-
كەن، بەلكى ئاتا- ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشى،
قانداق كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشى شەرت قىلى-
نىدىكەن. يەنە بۇلاردا ئاتا- ئانىلىرى خاتالاشسا بالىسىدىن
كەچۈرۈم سورايدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئائىلىسىدىكىلەرنى
تونۇشتۇرغاندا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىدىن تارتىپ ئىتلى-
رىغىچە تونۇشتۇرىدىكەن ۋە سىزنىڭ ھەممەيلەنگە باراۋەر
سالام قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىكەن. داستىخاندا ساھىبخا-
نا ۋە مېھماننىڭ بالىلىرى چوڭلار بىلەن تەڭ مېھمان بولى-
دىكەن. داستىخاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا بالىلار خالى-
غانچە گەپ قوشىدىكەن. بۇنداق چاغدا بالىلار نېمە دېيى-
شىدىن قەتئىينەزەر چوڭلار بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن. ئامېرى-
كىلىقلاردا پەرزەنتلەرگە ھەممە ئادەم ھەر ۋاقىت، ھەر
يەر، ھەرقانداق شارائىتتا باراۋەر دېگەن ئىدىيە سىڭدۈ-
رۈلىدىكەن.

بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ قىزى بالام بىلەن بىللە ئوي-
نىدى. قىزىمدىن بىر ياش چوڭ بۇ قىز قىزىمغا ئامراق

ئىدى. شۇ كۈنى ئاپسى قىزىغا 45 مىنۇت ئويناش ۋاقتى بېرىپتۇ. قىزىم ئىككىسى ئويناپ 45 مىنۇتنى بىردەمدىلا توشقۇزۇپ قويۇشتى. قىزچاق ئانىسىدىن يەنە ئازراق ۋاقت بېرىشىنى ئۆتۈنۈۋېدى، ئانىسى ئاران ئۈچ مىنۇت ۋاقت بەردى. قىزچاق بىزدىن ئانىسىغا دەپ ئويناشقا ئىجازەت ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى. بىز ئۈن چىقارماي تۇرغاندىن كېيىن قىزچاق بىزدىن رەنجىدى بولغاي، ۋاقت توشقاندا بىزگە خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئانىسى بىلەن قىزى ئىشىك ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئانىسى قىزىنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئويناپ بىزگە رەھمەت ئېيتماي چىقىپ كەتكىنى ئۈچۈن بىزدىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە قىزىنىمۇ بىزدىن كەچۈرۈم سورىغۇزدى. ئەگەر بىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا قوشۇلمىسا بۇنىڭدىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ قىزىم بىلەن ئويناشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى دەپ «تەھدىت» سالىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنى كىچىكىدىن ئەركىنلىكنىڭ مەلۇم چەك ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، مۇكاپات بىلەن جازانىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك، چەكلىك ئىكەنلىكىنى، جاھاندا ياخشىلىقنىڭ چوقۇم مىننەتدارلىققا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىكەن.

بىز ئامېرىكىلىق ئائىلىلەرگە مېھمانغا بېرىپ شۇنى بايقىدۇقكى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىلىرى مېھمانلارغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئۆيىڭىزگە كەلسىمۇ بالىڭىزغا پەۋقۇلئاددە قىزغىن بولۇپ كەتمەيدىكەن، بەلكى خۇددى سىزگە ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغاندا بالىسى رەسىم سىزىۋاتقان بولسا «مەن ئالدىراش» دېسە، بالىسىنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە زورلىمايدىكەن، ياكى رەسىمنى ئېلىپ چىقىپ سىزگە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلمايدىكەن. بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ، باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق پەرزەنتىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايمىز. بالىمىزدىكى ئاكتىپچانلىق باشقىلارنىڭ باھاسىغىلا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ باھاسىدىن چۈشۈپ كەتسە، ياكى باھاسىز قالسا بالىمىز ئاكتىپلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىسىنى مېھمانلار ئالدىدا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماسلىقى بالىلارغا ئاكتىپلىقنى باشقىلارنىڭ باھا-



سىدىن ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىدىن ۋە شۇ قىزىقىشنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن ئۇتۇقتىن ئىزدەشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن، مەن بالام رەسىم سىزسا ياخشى سىزسۇن، سىزالمىسۇن مۇنداق قاراپلا «ياخشى سىزىپسىز، سىز بەك ئەقىللىق» دەيدىكەنمەن. بالام شۇنىڭ بىلەن «پەللىگە يەتتىم، مەن ئەقىللىق» دەپ قاراپ سىزىشتىن توختايدىكەن، ياكى شۇ تەرىزدە سىزىشنى داۋام قىلىدىكەن. «ياخشى سىزىپسىز» دېسەم شۇنچە ھاياجانلانغان بالام، يەنە بىرسى قوپۇپ «بۇ بولماپتۇ» دېسە يەنە شۇنچە ئاسان بەل قويۇۋېتىدىكەن. مەن كۆزەتكەن ئامېرىكىلىقلار بالىسىنىڭ رەسىمگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىپ ئەگەر ياخشى سىزالمىغان بولسا «مەن سېنىڭ بۇ رەسىمىڭگە ئامراق» دەيدىكەن ۋە «ئەگەر بۇ سىزىقنى مۇنداقراق تارتساڭ، ئۈنۈمى ئاجايىپ ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، سىناپ باقامسەن؟» دەيدىكەن. نەتىجىدە كېيىن ناۋادا بىرسى رەسىمنى «سىزالماپسەن» دېسە، ئۈمىدسىزلىنىش ئورنىغا «قايسى سىزىقنى تارتالماپتىمەن؟» دەپ سورايدىكەندە، قۇرۇق ئۈمىدلىنىپ، سەۋەبسىز ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنالايدىكەن. مەن قىزىمنى سەممىيەتسىزلەرچە ماختايدىكەنمەن، ئامېرىكىلىقلار بالىلىرىنىڭ ئەمگىكىگە تەپسىلىي قاراپ باھا بېرىدىكەن ۋە رىغبەتلەندۈرىدىكەن.

### قىزىمنىڭ يەسلىدىكى كۈنلىرى

بالىلار يەسلىگە ھەر كىرگەندە ئاۋۋال تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن قول يۇيۇشقا بۇيرۇلىدىكەن، ئاندىن ھەر بىر بالىغا بىردىن

رەڭلىك تاختاي ئالغۇزۇپ قايسى قانداق رەڭلىك تاختاي ئالغانلىقىنى ئۈنلۈك دېگۈزىدىكەن. باللارغا كۆرپىچەكلەر تەييارلانغان بولۇپ، كۆرپىچەككە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىكەن. باللار ھەر كۈنى ئولتۇرۇپ قىلىنىدىغان پائالىيەتلەردە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بار كۆرپىچەكتە ئولتۇرىدىكەن ۋە شۇ كۈنكى ئىسمى شۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىكەن. ئەتىگەندە باللارنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشكەن. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. دېمەك، بۇلار يەسلىدىن باشلاپ چېنىقىشنى ئادەت قىلدۇرىدىكەن. قىزىمغا ئۇسسۇل ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ (بۇلار ئەمەلىيەتتە باللار مائارىپى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) ھەردكەتلىرىدىكى ئەۋرىشىملىك مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. چېنىقىش ۋە ناخشا-ئۇسسۇل تامام بولغاندىن كېيىن ناشتا قىلىش باشلىنىدىكەن. ئوقۇتقۇچىسى تاماقلارنى شىرەگە تىزىپ باللار بىلەن پاراڭلاشقاچ غىزالىنىدىكەن. ھەممە بالا شەربەت، پۇرچاق، سۈت، مېۋە، بولكا قاتارلىقلاردىن بەلگىلىك مىقداردا يەيدىكەن. ئەگەر بىرەر تاماققا قولى يەتمەي ئاللىماي قالسا چوقۇم «ئىلتىپات قىلسىڭىز» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى كېرەككەن، بولمىسا ئوقۇتقۇچىسى بالىدىن شۇ سۆز چىقمىغۇچە تەلەپنى قاندۇرمايدىكەن. ئارىدا كىم باشقىلارنىڭ قاچىسىغا چاڭ سالسا ئاۋۋال بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدىكەن، يەنە داۋام قىلسا كۆتۈرۈپلا يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئەگەر باللار ئويناش جەريانىدا باشقىلارغا قائىدىسىزلىك قىلسىمۇ دوستلىرىدىن ئايرىپ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ناشتىدا باللار تېخى قوشۇق تەگكۈزمىگەن تاماقلارنى قارىتىپ تۇرۇپ تۆكۈۋەتكىنىنى كۆردۈم. قىزىمنى يەسلىگە بېرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈتسەك تېنىدىكى كېرەكلىك ماددىلار تولۇق چىققاندى. ئەمما ئايالىم كالتسىي ئېلىپ ئىچۈرۈشتە چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەسلىدىكى باللار دوختۇرىدىن بالىمىزغا كالتسىي يېگۈزمەكچى بولغىنىمىزنى، قانداق كالتسىي يېگۈزسە بولىدىغانلىقىنى سورىدۇق. دوختۇر «باللار سۈت ئىچەمدۇ؟ تۇخۇم يەمدۇ؟» دەپ سورىدى ۋە بىزگە سۈت ئىچۋاتقان، تۇخۇم يەۋاتقان بالىغا كالتسىي بېرىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بىز يەنە قايىل بولماي بىر دورىخانىغا باردۇق. ئۇ دورىخانىمۇ تۇخۇم بىلەن سۈت ئىچەلەيدىغان بالىغا كالتسىي بېرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سالدى.

قىزىم بىر كۈنى ياۋا گۈللەردىن دەستە تىزىپ، يوپۇرماقلاردىن ئادەم، ھايۋان ۋە تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ شەكىللىرىنى ياساپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. يەنە بىر كۈنى مۇزچوكىسىدىن رەسىم رامكىسى ياساپ ئىچىگە ئۆز رەسىمىنى بىر ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. دىققەت قىلسام ھەر ھەپتە باللارنىڭ سىزغان رەسىملىرى، غازاڭلاردىن ياسىغان گۈللىرى، قەغەزلەردىن قىيغان تۈرلۈك شەكىللىرى، كېرەكسىز بوتۇلكىلاردىن ياسىغان «تۇرمۇش بۇيۇملىرى» قاتارلىقلارنى يەسلىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ تاختايغا چاپلاپ كۆرگەزمە قىلىدىكەن. دەسلەپتە مەن نەچچە ئايغىچە ئۇقماي قىزىمنىڭ ئىجادىيەتلىرى كۆرگەزمىگە تاللاندى دەپ خۇشال يۈرۈپتىمەن. تېخى قىزىمنى ئەقىللىقتىن ئەقىللىققا چىقىرىپ ماختاپ بەرمىگەن ئادەم قالماپتۇ، كېيىن سورىسام يەسلىدە باللارنى بۇنداق دەرىجىگە ئايرىمايدىكەن. كۆرگەزمە قىلىنغان ئىجادىيەتلەر يەسلىدىكى بارلىق باللارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىكەن. يەسلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە باللارنى كىچىكىدىن باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئورتاق ئۇتۇق كەيپىياتىدا چوڭ قىلىش زۆرۈر ئىكەن.

### قىزىمىزنى «ئامېرىكىچە» تەربىيەلىيەلىدۇقمۇ؟

بەلكىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىگە بۇنچە دىققەت قىلغانلىرىمىغا قاراپ «بۇلار بالىسىنى ئۇيغۇرنىڭ ۋە ئامېرىكىلىقنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانچىلىك تەربىيەلەپ كېتىۋاتقاندۇ» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، كۆزىتىش، ھېس قىلىش باشقا گەپ، شۇلاردىن پايدىلىنىش پۈتۈنلەي باشقا گەپ ئىكەن. بىز بالىمىزغا تاماق يېگۈزەلمەي، يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسىدىن سورىدۇق. قىزىم يەسلىدە تاماق يەيدىكەن، نېمىشقا ئۆيدە يېمەيدۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن قىزىمنىڭ يەسلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى بىلەن ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. قىزىم يەسلىدە تاماق يەپ بولۇپ قاچىسىنى ئۆزى يىغىش-

تۈرىدىكەن، شىرەسىنى ئۆزى سۈرتىدىكەن. ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ بولۇپ ئۆزى يىغىشتۇرىدىكەن. ئوقۇتقۇچىسى «ئۇخلاش ۋاقتى بولدى» دېسىلا يوتقىنىغا كىرىپ ئۇخلايدىكەن. ئەمما ئۆيدە يۇقىرىقى قىلىقلىرىدىن بىرنى قىلمايدۇ. پەقەت مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىر ئىشنى ئۆيدە قىلدى. بىر كۈنى يېنىمدىن ئۆتمەكچى بولۇپ «دادا، كەچۈرسەن، مەن ئۆتۈۋالاي» دېگەننى ئىنگلىزچە دېدى، ئەمما ئۇيغۇرچىسىنى شۇنچە ئۆگەتسەممۇ دېمىدى. چۈنكى بىز ئۆيدە ئەر-خوتۇن بىر-بىرىمىزگە ئۇنداق تۈزۈت قىلىپ يۈرمەيدىكەنمىز. تۈزۈت قىلىشمىغانىكەن، تۈزۈتكە لايىق گەپلەرمۇ بولمايدىكەن، بىز دەپ كۆنمىگەندىن كېيىن قىزىمىزمۇ ئۆگىنەلمەيدىكەن (بىز تۈزۈتنى تونۇمىغان ياكى زىيادە ھۆرمەتلىكلەرگە قىلىدىكەنمىز، ئامېرىكىلىقلار يېقىنلىرىغا بەكرەك تۈزۈتلۈك مۇئامىلە قىلىدىكەن). بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى، ئىنسان كىچىكىدىن مۇھىتتىن ۋە باشقىلاردىن ئۈلگە ئالىدىكەن. قىزىمىنىڭ مەكتەپتىكى مۇھىتى ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان مۇھىتتا بولغاچ، قىزىم ئىشىنى تېپىپ قىلالايدىكەن. ئەمما ئۆيدە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىز قىلىپ بېرىمىز، شۇڭا ئۆيدە قىلمايدىكەن. كۆپىنچە مەن ئۆيدە داستىخان سالمايدىغان، يىغمايدىغان بولغاچ، ئۇمۇ تەبىئىي ھالدا بۇ ئىشلارنى باشقا بىرىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايدىكەن. بىز تۈزۈتلۈك سۆز قىلمىغاندىكىن بىزدىن ئۈلگە ئېلىپ بىزگە تۈزۈتلۈك گەپ قىلمايدىكەن. دېمەك، ئىنسان كىچىكىدىن باشلاپ سورۇن ۋە سالاھىيەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدىكەن. يەسلى قىزىمىنىڭ نەزەرىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قارار چىقىرىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان سورۇن. قىزىمىنىڭ يەسلىدىكى سالاھىيىتى باشقىلار بىلەن باراۋەر، ھەتتا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىسمى بىلەنلا چاقىرىدۇ، بىللە ئوينايدۇ، ئۇلارنى يا مۇئەللىم، يا خانىم دەپ چاقىرمايدۇ. بۇنداق ھەر ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ئۇنىڭغا مۇستەقىل ئاتا قىلغان. ئائىلىدە ئۇنىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلىنىدىغان، ئۇ دائىم يېتەكلىنىدىغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان سورۇن، شۇڭا بۇ يەردە ئۇنىڭ كۆپ ئىشقا باش قاتۇرۇشىغا ۋە قول سېلىشى بىھاجەت. بۇ يەردە ئۇنىڭ سالاھىيىتى باشقۇرۇلغۇچى، قوغدالغۇچى، تەلەپلىرى قاندۇرۇلغۇچى، شۇڭا ئۇنىڭ سالاھىيىتى پاسسىپ، تايانغۇچى! بىز قىزىمىزنى ھېچ بولمىسا تامىقىنى ئامېرىكىلىق باللارغا ئوخشاش ئۆزى يېسۇن دەپ نەچچە ئون قېتىم دېيىشتۇق، ئەمما ئائىلىم تاماق پىشقاندا قىزىمىنىڭ كەينىدىن قاچا بىلەن قوشۇق كۆتۈرۈپ يۈرگىنى يۈرگەن...

ئەڭ ئاددىيسى قىزىمىنىڭ كارتون فىلىم كۆرۈشكە بىر قېتىمدا بىر سائەت دەپ تۈزۈم بېكىتتىم. ئەمما ئۆزۈم ئۇنىڭغا بېكىتىپ بەرگەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالدىم. يەنە بىرى ۋاقىتنى تەكىتلىگەن بولساممۇ قىزىمىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاقىتنى ئۇزارتتىم. نەتىجىدە قىزىمىزغا بەلگىلىك ئىشنى چوقۇم بەلگىلەنگەن سائەتتە قىلىش كېرەك دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈپ بولالمىدىم. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇكاپات-جازاسى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان، بۇ تۈزۈم باللىرىغا كىچىكىدىن سىڭدۈرۈلىدۇ، ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەڭ ئاددىيسى قىزىمىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرالمىدۇق. سەۋەبى بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدىنى ئۆزىمىز بۇزۇپ قويۇپ قايتا ئۆتمەس قىلىپ قويدۇق. مەن بۇلارنى قىلالمىدىم دېگىنىم باشقىلارنىمۇ قىلالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ بالىمىزنى ئۆزىمىزدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق، غايىمىزدىكى ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن دېيىشىمىز ئاسان ئەمەسكەن. بىز بالىمىزدا ساغلام قىلىق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز قىلىقلىرىمىزنىلا ئەمەس ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ۋە مەھەللىمىزدىكى ھەتتا مەكتەپتىكىلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ توغرا-دۇرۇسلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەككەن. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئىزچىل ئۇتتۇققا ۋە ئىززەتكە ئېرىشىدىغان، ئەگەر ئۇلاردىن مەھرۇم قالسا ئىزچىل زىيان تارتىدىغان مۇھىتنى بەرپا قىلىشتا ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرەر مەزگىللىك تىرىشچانلىقى بىلەن پۈتمىگۈدەك... قىزىم ئامېرىكىدا ئائىلىم ئىككىمىز بىلەن ئۇزاق ياشىسا بىزدىن ئۆگىنەلمىگەنلىرىنى مەكتەپتە ۋە ساۋاقداشلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرى بىلەن تولۇقلىيالىغۇدەك. قىزىمىزنى مۇستەقىل، ئىجادچان، باراۋەرچىل، تۈزۈمچان بولسىكەن، راھەتپەرەس، ئۆزۈمچىل، كۆيۈمسىز بولمىسىكەن دەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئورنى كەم كولسا ئۆزى چۈشەر



(چۆچەك)

بۇرۇن بۇرۇنتى، تۆلكە خىزىرتى، ئېيىق پادىشاھ، مايمۇن ۋەزىرتى، بايلارنىڭ ئۆيى ساراي ـ قەسىرتى، گۆش دەپ ئالغىنىڭ ئۆپكە-بېغىرتى، گادايغا كۈن يوق دۇمبە يېغىرتى، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەردە زالىم بىر باي بولغان ئىكەن.

شۇ شەھەرگە يېقىن يەردە ئولتۇرىدىغان بىر كەمبەغەل موزدۇز بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تاز ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئاتا كەسىپنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچكە، ئۇنىڭ تىككەن ئاياغلىرى ھەتتا شاھنىڭ ئىنئامىغا مۇشەررەپ بولغان ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان شۇ شەھەرنىڭ ئاچكۆز بېيى شۇملۇق پىلاننى تۈزۈپ، موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بالىسىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە شاگىرتلىققا ئېلىپ كەپتۇ. ئاق كۆڭۈل موزدۇز ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە باينىڭ ئېلىپ كەلگىنى باينىڭ ئۆز بالىسى بولماستىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ زۇلۇمغا چىدالماي قاچقاندا، تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق تاياق دەستىدىن ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغان چاكار ئىكەن.

شۇ كېچىسى موزدۇز بىلەن بىر يەردە يېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرگەن چاكار ئەتىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ باي «ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنى تۆلەپ بېرىسەن ! ئەگەر بەرمىسەڭ خۇن داۋاسى قىلىپ شاھقا ئەرز قىلىمەن» دەپ مېيىتنى ئېلىپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. موزدۇزنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. باينىڭ غەرىزىنى ئالدىن چۈشەنگەن موزدۇزنىڭ بالىسى: «دادا مېنى چاكارلىققا بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن»، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي ئامالسىز ئوغلىنى بايغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بالا باينىڭ ئۆيىدە كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ ئائىلىسىدىكىلەرنى باينىڭ ھەرخىل تۆھمەت قىلتاقلىرىدىن ھىمايە قىپتۇ.

ھەش-پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. بالا بۇ جەرياندا بايغا نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىپتۇ. باي بولسا ئۇنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ بالىغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ. ئاچكۆز باي ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، بۇنى ۋاقتىدا كۆزۈمدىن يوقاتمىسام، ئۇ مېنى يوقىتىدۇ، دەپ ئويلاپ، بالىنى چاقىرتىپ ئۆزىنىڭ بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ:



— ئەي تاز، مەن كەلگىچە ئولتۇرماي ماۋۇ قۇمدا
يىپ ئەش، يىپ بىلەن ئۇلتالڭ كەس، — دەپتۇ. باينىڭ
بۇيرۇقى بالىغا ئەزرائىلنىڭ شەپىسىدەك بىلىنىپتۇ.
— بولىدۇ باي غوجام، — دەپتۇ تاز. باي كەتكەن-
دىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر نان
بىلەن بىر چىنە قايماقنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ. تاز بولسا،
قايماق بىلەن نانني باينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:
— ماۋۇ نان بىلەن قايماقنى ئاپام سىلىگە ئەۋەتتى،
ناننى ئۇشتىماي، قايماقنى بۇزماي ئىچسۇن، دەيدۇ، —
دەپتۇ. باي ئاچچىقى بىلەن:
— ۋاي تاز، ناننى ئۇشتىماي قانداق يېگىلى، قاي-
ماقنى بۇزماي قانداق ئىچكىلى بولسۇن؟! — دەپ كايىپ
كېتىپتۇ. مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان تاز:
— باي غوجام، قۇم بىلەن يىپ ئەشكىلى، يىپ
بىلەن ئۇلتالڭ كەسكىلى بولغان يەردە نېمىشقا ناننى ئۇش-
تىماي يېگىلى، قايماقنى بۇزماي ئىچكىلى بولمايدىكەن؟! —
دەپتۇ.
بالىدىن لەت بولغان باي ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن-
دەك بولۇپ، ئىمانى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ ۋە بالىغا ئۆچ-
مەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.
باينىڭ بەش ياشلىق بالىسى بولۇپ، باينىڭ خوتۇنى
ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، بالىسى باينىڭ يېنىدا قالغان
ئىكەن، بىر ئاخشىمى قورسىقى ئاغرىپ ياتالمىغان باينىڭ
بالىسى تەرەت قىلىمەن دەپ جېدەل قىپتۇ. باي تازغا با-
لىنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ تەرەت قىلغۇزۇپ كىرىشنى ئېيت-
تىپتۇ. تاز باينىڭ بالىسىغا «تەرەت قىلساڭ بىگىز تىقى-
مەن» دەپ باينىڭ بالىسىنى تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپ
قويۇپتۇ. بالا ئۇرۇنغا كىرىپ جېدەل قىلىشقا باشلاپتۇ.
باي يەنە تازغا بۇيرۇپتۇ. تاز يەنە تەرەت قىلغۇزماي ئە-
كىرىپتۇ. بۇ ئىش تۆت-بەش قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئۇيقۇ-
لۇقتا ئاچچىقىنى باسالمىغان باي:
— هوي تاز، ماۋۇ شۇمنى بېسىقتۇر، — دەپتۇ.
باينىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ
تۇرغان تاز باينىڭ بالىسىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ توقماق
بىلەن بىرنى ئۇرۇپ بېسىقتۇرۇپ، تامغا يۆلەپ غۇلچىنى
كېرىپ قويۇپ يېنىپ كىرىپتۇ.
— بالا قېنى؟ — دەپتۇ باي.
— باي غوجام، غوجىزادىلىرى كىچىك بولغان بىلەن
ئەقلى چوڭ ئىكەن. «ئاتام قېرىپ قالدى، ئاتام ئۆلسە،
ماڭا قانچىلىك مىراس قالىدىكىن، ئۆلچەپ باقاي» دەپ
تامنى غۇلاچلاپ قالدى. ئېلىپ كىرەي دېسەم ئۇنىماي
تۇرۇۋالدى، — دەپتۇ تاز. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاچ-
چىقى كېلىپ، قولىغا كەكىنى ئېلىپ ئېغىلغا يۈگۈرۈپتۇ. تاز
شام كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. باي شامنىڭ يورۇقىدا قارىسا،
راستىنلا بالىسى تامنى غۇلاچلاپ تۇرغان ئىكەن. باي
غەزىپىگە پايلىماي «مانا ساڭا تېگىدىغان يەر-زېمىن»
دەپ بالىسىنىڭ بېشىغا كەكە بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈپتۇ، ئاندىن تازغا:
— سەن بېرىپ گۆر كولا، كۆمىدىغان يەرلىك قىل-
ىلىڭ بىلەن تەڭ بولسۇن، — دەپتۇ. تاز قەبرىستانلىققا
بېرىپ بىر كەتمەن توپىنى ئېلىپ قويۇپ بەخىرامان ئۇخ-
لاپتۇ.
باي ئەتىسى جامائەتنى يىغىپ جەسەتنى يەرلىككە
ئېلىپ چىقسا، گۆر تەييار بولمىغان ئىكەن. باي:
— ئەي تاز، قېنى چاپقان گۆرلۈكۈڭ؟! — دەپتۇ.
— ۋاي باي غوجام، ھەزرەتلىرى قۇلىقىڭغا چىنەپ
قازغىن دېگەنتىلە، ئۇنى قۇلاق تىرەنلىكتە كولىۋەتتىم.
ئەگەر تىرەن بولۇپ قالغان بولسا، توپا سېرىپ ئازراق
تىندۇرۇۋېتەي، — دەپتۇ تاز. باي خاپىچىلىقتا يېرىلغۇ-
دەك بولۇپ كېتىپ، ئۆزى گۆر كولاشقا باشلاپتۇ.
شۇنداق قىلىپ ھەش-پەش دېگۈچە قىرىق كۈن
بوپتۇ. نەزىر-چىراغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئوتۇن كېرەك
بوپتۇ.
— هوي تاز، سەن هارۋىنى قوشۇپ، جاڭگالغا
بېرىپ، هارۋىنىڭ ئارقىسىغا بىر هارۋا يانتاق سۆرىتىپ

www.uyghurkitap.com



كەل، ــــ دەپتۇ. باينىڭ مەقسىتى لىق بىر هارۋا ئوتۇندىن تاشقىرى هارۋىنىڭ كەينىگە يەنە بىر باغلام يانتاقنى سۆرىتىپ ئەكەلدۈرۈش ئىكەن.

تاز جاڭگالغا بېرىپ ئاتنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر سايە جاينى تېپىپ ئۇخلاپ، كەچ بولغاندا بىر باغلام يانتاقنى سۆرىتىپ قايتىپ كەپتۇ.

ــــ هەي تاز، ئېلىپ كەلگىنىڭ مۇشۇمۇ؟ ــــ دەپ كايىپ كېتىپتۇ باي. تاز:

ــــ باي غوجام، هارۋىنىڭ ئارقىسىغا سۆرىتىپ ئەكەل دېمىگەنمىتىلە، مانا سۆرىتىپ ئەپكەلدىم، ــــ دەپتۇ. باي غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپتۇ.

تازنى بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا پادىشاه ئوردىسىدىن چاقىرغىلى ئادەم كەپتۇ. تاز بۇ خەۋەردىن هەيران بولۇپ ئوردىغا بېرىپتۇ. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن: تازدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن باي ئۇنى پادىشاه جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا يەم قىلىۋېتىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى قوللانغان ئىكەن.

تاز شاه ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. شاه غەزەپ بىلەن:

ــــ بۇ مەن بۇيرۇغان ئاياغقا ئوخشىمايدىغۇ؟ ــــ دەپ بىر جۈپ ئاياغنى تازنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. تاز ئۇ ئاياغلارنى كۆرۈپ هەيرانۇ هەس بولۇپ قاپتۇ ۋە پادىشاهقا شاه بۇيرۇغان ئاياغلارنى ئۆز قولى بىلەن تىككەنلىكىنى، بۇ ئاياغلارنىڭ ئۆزى تىككەن ئاياغ ئەمەسلىكىنى ئىزهار قىپتۇ. شاه باشقا مۇلازىملاردىن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق باينىڭ يامان غەرىزى ئاشكارىلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شاه باينى زىندانغا سېلىپ، پۈتۈن مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىپتۇ. باينىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلارمۇ ئازاد بوپتۇ. شۇ قاتاردا تازمۇ ئۆز ئۆيىگە تىنچ-ئامان قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يېرىم يىلدەك بولغاندا، بىر كۈنى بىر گۈندىپاي كېلىپ تازنى زىندان بېگى چاقىرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تازنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر غەم-قايغۇغا پېتىپتۇ. تاز ئامالسىز بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بالا هېچبىر ئىشنى چۈشەنمەي گۈندىخانىغا يېتىپ كەپتۇ. گۈندىخانىدا باي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. باي:

ــــ ئەي بالام، مانا كۆرۈپ تۇرسەن، بۇ پەلەكنىڭ ئىشى، مەن قىلغان گۇناهلىرىمغا تۇۋا قىلدىم، مانا زىندان بېگى گۇۋاه بولسۇن. سېنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ چاقىرتتىم. ئايالىم بىلمەيدىغان مىڭ تىللا پۇلنى ئېتىز چېتىدىكى بىر تۈپ سېدە تۈۋىگە كۆمۈپ قويغان ئىدىم. سەن بېرىپ ئايالىمغا ئېيتقىن، ئۇ پۇلنى ئېلىپ يۈز تىللانى زىندان بېگىگە بەرسۇن، ئون تىللانى سېنى چاقىرىپ كەلگەن گۈندىپايغا بەرسۇن، ئۈچيۈز توقسەن تىللانى سەن ئالغىن، قالغان بەشيۈز تىللانى مەن كېيىنكى ئوقەتىم ئۈچۈن دەسمايە قىلاي، ــــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاز باينىڭ بىر يامان غەرىزى بارلىقىنى سېزىپتۇ، لېكىن چاندۇرماي يۇقىرىقى كۆرسەتمە بويىچە پۇلنى ئېلىپ، زىندان بەگلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ ۋە يېرىم كېچە بىلەن باينى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپتۇ. باي تازغا «ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن رەهمەت» دەپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. تاز باينىڭ يەنە نېمە ئويۇن ئوينىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ باينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈڭلۈك تۈۋىدە يېتىپتۇ. كېچىدە باي خوتۇنىغا:

ــــ ئەتە تازنى تۇتىدۇ. زىندان بېگى ئۇ يەردە بىر جەللگۈرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر گۈندىپاينىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويماقچى، پادىشاهقا هېلىقى تاز موزدۇز كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان گۈندىپاينى ئۆلتۈرۈپ باينى ئېلىپ قېچىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلماقچى، ــــ دەپتۇ باي.

ئەتىسى سەهەردە باي بىلەن خوتۇنى ئىككى تاغارغا قۇيماق سېلىپ تالاغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تاز تاغاردىكى قۇيماقنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ئۇلار ئالدىراش ئىككى تاغارنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن باي خوتۇنىغا:

ــــ ئەجەب قۇتۇلدۇق تازدىن. ئۇ هازىر مېنىڭ ئور-



ئۇمدا زىنداندا ياتقاندۇ، — دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. باي چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— هوي دادىسى، تاز بىرنەچچە يىل بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاچقا ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاققا سىڭىپ قالغان، شۇڭا بىزگە شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولۇۋاتسا كېرەك، — دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى.

— ئۇ تازنىڭ جېنى شۇنداق مەھكەم ئىكەنكى، بىر قېتىم مەن ئۇنى ئىرغاي توقماق بىلەن ئۇرسام، توقماق چىدىماي ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىرگە كېلىۋاتامدۇيا؟ — دەپتۇ باي.

ئۇلار بىر يەرگە كېلىپ تاماق يېمەكچى بوپتۇ. تاغار ئېشەكتىن چۈشۈرۈلۈپ ئەمدى چاي ئىچەيلى دەپ تۇرغاندا، تازنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ كېتىپ تاغارنىڭ ئىچىگە سىيىۋېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن باي دەرھال چاي ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغان چىنىسىنى سىرغىپ چىقىۋاتقان سۈيدۈككە تۇتۇپ، ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا قۇيماقنىڭ يېغى ئېرىپ كەتكىلى تۇردى دەپ ھېلىقى چىنىدىكى ياغنى قاپىقىغا قۇيۇۋاپتۇ، شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار بىر دەريا بويىدا توختاپتۇ ۋە يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ قونماقچى بوپتۇ. باي ئۆز-ئۆزىگە «ئەجەب قۇتۇلدۇما بۇ تازدىن» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغارنىڭ ئىچىدىن «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن ھېلىقى سادا ئاڭلىنىپتۇ، ھەيران بولغان باي تاغارنى ئېچىپ قارىسا، تاغاردا تاز ياتقۇدەك، باي بىلەن خوتۇنى ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قاپتۇ، تاز تاغاردىن چىقىپتۇ. باي ھېچنەرسە بولمىغاندەك چاندۇرماي:

— سېنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم، بىزنى يالغۇز قويماي ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەپسەن، بەرگەن تۇزۇمنى ئاقلاپسەن، — دەپ ماختاپتۇ. كەچتە ياتار چاغدا باينىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. تاز ئۇلارنىڭ يامان غەرىزىنى پەملەپتۇ، باينىڭ خوتۇنى دەريا بويىغا ئورۇن سالپتۇ، لەپكە بالىغا ئورۇن سالپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزىگە، نېرى چەتكە ئېرىگە ئورۇن سالپتۇ. ئۇزاق يول مېڭىپ چارچىغان باي بىلەن خوتۇنى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، شۇ چاغدا تاز ئۆزىنىڭ ئورنىغا باينىڭ خوتۇنىنى سۆرەپ قويۇپ ئۆزى ئۇنىڭ يېنىدا يېتىۋاپتۇ، يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا باي ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، چەتتە ياتقان خوتۇنىنى يوتقانغا يۆگەپ دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزى ھېچنەرسە بىلمىگەن قىياپەتتە ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ئەتىسى باي:

— ئاپىسى، قوپۇڭلار، تازنى دەريا دەم تارتىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئەمدى قۇتۇلدۇق، — دەپ خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ. ئەمما خوتۇنىنىڭ ئورنىدىن «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن ھېلىقى تاز ھىجىيىپ قوپۇپتۇ، ھەيرانلىقتا قالغان باي بېشىنى چاڭگاللاپ قاپتۇ. شۇ چاغدا دەريا بويىدا بىر بالا بىر توپ قوينى بېقىۋاتقان ئىكەن، تاز پادىچى بالىغا ياردەملىشىپ قويلىرىنى سۇغىرىشىپ بەرمەكچى بولۇپ قويلارنى ھەيدەپ كەپتۇ، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان باي تازنىڭ قوي ھەيدەپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— نەدىن تاپتىڭ بۇ قويلارنى ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزلىرى كېچىسى مېنى دەرياغا ئىتتىرىۋەتكەندە، دەريا ئاستىغا چۈشۈپ قارىسام، قوي دېگەننىڭ ھەددى ھېسابى يوق ئىكەن، شۇنىڭدىن ئازراق ئالغاچ چىققان ئىدىم، — دەپتۇ تاز.

— قېنى ئۇ قويلار؟ — دەپتۇ باي بوينىنى سوزۇپ. تاز سۇ ئىچىۋاتقان بىر توپ قوينىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باي غوجام، كۆرمەيۋاتاملا ؟ ئەنە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

باي قارىغۇدەك بولسا راستىنلا سۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قوي تۇرغىدەك، ئاچكۆز باي دەريا ئاستىغا چۈشمەكچى بوپتۇ، يەنە ئىككىلىنىپ توختاپ قاپتۇ.

— ئەگەر قورقۇۋاتقان بولسىلا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ مەن «ماڭ» دېگەندە ماڭسىلا، «ئاچ» دېگەندە كۆزلىرىنى ئاچسىلا، — دېگەن ئىكەن، باي دەرياغا قاراپ مېڭىۋېرىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى بىر قاينام يۇتۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلىز غوپۇر، 45 ياش، ناۋاي، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە، ئۈرۈمچى باجاخۇدا ئولتۇرۇشلۇق

توپلىغۇچى: نەجمىدىن سىدىق

1986-يىلى توپلانغان

«ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.



MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارنىڭ كاتالوگى

ئابدۇراخمان باقى

**20. تىببى ئەكبەر**

2 قىسىم، 414 بەت، 1750 ـ يىلى مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى پارس تىلى بىلەن يازغان، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى توغرىسىدىكى كىتاب. كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمىدا ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، ھەر خىل ئالامەتلىرى، ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، باش ئاغرىقى، مېڭە ئاجىزلىشىش، جىگەرنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاشقازان خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان سوۋۇش قاتارلىقلار. ئىككىنچى قىسمى جىگەر، قان ئازلىق، تال ئاغرىقى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، ئاق كېسەل، ئاياللار كېسەللىكى، ھاشارات چاققاننى داۋالاش، راك كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش، بوغۇم ياللۇغى قاتارلىقلار ۋە ئۇنىڭ رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

1905 ـ يىلى دېھلىدا بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 30×23cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 27×20cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 27 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىگە كىتابنىڭ قىسىم سانى چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان ھەم شەرھ يېزىلغان، لاتىدىن پاتلانغان، قاتتىق مۇقاۋىلىق، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP193 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلغان.

**21. ئىكسىر ئەئزەم**

تومغا بۆلۈنگەن، 2 قىسىم، 575 بەت، 1885 ـ يىلى ھېكىم مۇھەممەد ئەئزەمخان پارس تىلى بىلەن يازغان، كېسەل داۋالاش توغرىسىدىكى تىببى كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا ئادەملەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەردىن بەش ئەزا كېسەللىكلىرى، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئەمچەك (كۆكرەك) كېسەللىكلىرى، ئاشقا-

*بېشى ئالدىنقى ساندا

زان كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، ئۇنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالاشتا، سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، يەنى نىلۇفەر شەربىتى، مۇپەررىھات قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بۇ ھىجرىيە 1324-(مىلادىيە 1906-1907-) يىلى نوكشۇر مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزى ھەجمى 33×24cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 25.5×17.5، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 30 - 28 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، قىسمەن خەتسىز بەت يۈزىگە شەرھ يېزىلغان، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق تىتۇل گۈزەل، كۆركەم ھۆسنخەت بىلەن بېزەلگەن، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP194-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## 22. ئىكسىر ئەئزەم

تومغا بۆلۈنگەن، 4 قىسىم، 719 بەت، 1885-يىلى ھېكىم مۇھەممەد ئەئزەمخان پارس تىلى بىلەن يازغان، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەل داۋالاش ھەققىدىكى قوللانما كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا بالىلار كېسەللىكلىرى، بالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان ياللۇغلىنىش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ئۇسۇللىرى، تېرە كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، چاچ كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، تۈرلۈك جاراھەت، ئىچكى - تاشقى زەخمە ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، زەھەرلىنىش ۋە زەھەر قايتۇرۇش دورىلىرى ئارقىلىق ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ ھىجرىيە 1325-(مىلادىيە 1908-، 1909-) يىللىرى نوكشۇر مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 31×24cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 26×18.5cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 29 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، قىسمەن خەتسىز بەت يۈزىگە دورىلارنىڭ ئىزاھاتى بېرىلگەن، كۆندىن تاشلانغان، قاپارتما گۈللۈك نەقىشلىك، تولۇق، ياخشى ساقلانغان، باش - ئاخىرى تولۇق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىدا XGP195-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## 23. مەخزۇنۇل ئەدۋىيەتۇ پارسى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 352 بەت، ھىجرىيە 1151-(مىلادىيە 1738-، 1739-) يىلى ھېكىم مۇھەممەد ھۈسەينخان دېھلىۋى پارس تىلى بىلەن يازغان. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى دورىگەرلىك قامۇسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرەب، يۇنان، پارس، تۈركى، ئۇيغۇر، ھىندى ۋە باشقا تىللاردىكى دورىلارنى پارس تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە «ئا» ھەرپىدىن «يا» ھەرپىگىچە بۆلگەن، شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان دورا-دەرمەكلەرنىڭ ئىسمى، ياسىلىش ئۇسۇلى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، شۇ خىل دورا خام ئەشياسىنىڭ نەدىن چىقىدىغانلىقى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

1887-يىلى نوكشۇر مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 30×23cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 25×17.5cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 29 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، قىسمەن خەتسىز بەت يۈزىگە دورىلارنىڭ شەرھىسى يېزىلغان، تولۇق ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP196-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## 24. ھەياتۇل-ھەيۋان (جانلىقلار ھاياتى) كۇبرا

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 318 بەت، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەمالۇددىن دەمەرى ئەرەب تىلى بىلەن يازغان، ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تارىخى ھەم جانلىقلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ كېسەل داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان رولى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب، ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تارىخىنى ھەمدە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ كېسەل داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان رولى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا مۇھەممەد قاھىر بىللا، ئەبۇل ئابباس، ئىبراھىم مۇتتەقى بىللا، ئابدۇللا مۇستەكفى قاتارلىق ئابباسلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبى، ئۆسۈپ-يېتىلىشى، ئىگىلىگەن ئىلىملىرى، ھۆكۈمرانلىقى، ھۆكۈمرانلىق قائىدە-يوسۇنلى-

رى، ئەتراپىدىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بېرىش-كېلىشى، ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، تەرەققىياتى، باشقا ئەللەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلىرى ۋە شۇ چاغلاردىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغاندىن سىرت، كىتابتا يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى، ياشاش ئۆزگىچىلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى شىپالىق رولى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ بايان قىلىنغان.

بۇ ھىجرىيە 1313-(مىلادى 1895-، 1896-) يىلى مىسىردا بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يىپلىق، خەت شەكلى مەتبەئە خەت شەكلىدە، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 27.5×20cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 24×13.5cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 37 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزدە خەت بار، خەتسىز يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇھەممەد قاھىر بىللا يازغان «ئەجايىبۇل مەخلۇقاتى ۋە ھايۋانات» ناملىق كىتاب تىركەلگەن، رەختىن پاتلانغان، قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب، ئاخىرىدىن بىر نەچچە بەت يوق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا XGP009-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**25. ئىكسىرى ئەئزەم**

تومغا بۆلۈنگەن، 4 توم، 716 بەت، 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جالىنۇس ئەرەب يېزىقى بىلەن يازغان بولۇپ تىبابەت نەزەرىيەسى توغرىسىدىكى نەزەرىيەۋى ئەسەر.

تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەكلەش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىدىكى قىزىتما تىپىدىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ دورىلىرى، بۇ دورىلارنىڭ ماتېرىياللىرى، رېتسېپلىرى بايان قىلىنغان ۋە يەنە تاشقى كېسەللىكلەر ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، رېماتىزىم، سۆڭەك كېسەللىكلىرى، ھەر خىل جاراھەتلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، ئۇلارغا كېتەرلىك دورا ماتېرىياللىرى ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلگەن، يەنە تېرە كېسەللىكلىرى، چاچ كېسەللىكلىرى، تىرناق كېسەللىكلىرى ۋە باشقا ھەر خىل كېسەللىكلەر، ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

قەدىمكى يۇنان تىبابەت نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى بار. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستاندا زاۋۇت قەغەزگە بېسىلغان مىخ مەتبەئە يىپلىق تۈپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 31×23.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 26×18cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، خەتسىز يۈزدە خەت بار، ھەر بىر بەتتە 29 قۇر خەت بار، قىسمەن بەتلەرنىڭ خەتسىز يۈزىگە ئىزاھلار يېزىلغان، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، تىتۇل-نەقىش ۋە ھۆسنخەت بىلەن بېزەلگەن، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايىتى، قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا XGP175-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**26. «ئەتتەبۇن – نەبەۋىيە (پەيغەمبەرنىڭ تىبابەت توغرىسىدىكى بايانلىرى)»**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 525 بەت، 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئەييۇپ ئەرەب يېزىقى بىلەن يازغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭدىن شىپالىق تېپىش ھەققىدە ئېيتقان بايانلىرىغا ئائىت كىتاب.

كىشىلەرنى تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپالىق تېپىشقا «ھەرقانداق كېسەلنىڭ داۋاسى بار» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تازىلىق ئادىتىگە كۆندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان، كىتابتا كىشىلەر يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ يۈرەك كېسەللىكى تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن قىزىتما، قورساق ئاغرىقى، ۋابا، تۈرلۈك جاراھەتلەر، ئاياللار كېسەللىكلىرى، ئازغۇنلۇق، باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش، تېرە كېسەللىكلىرى، تەمرەتكە، ئاشقازان كېسىلى، زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ چېقىشىدىن زەھەرلىنىش، غەمكىنلىك كېسىلى، چىش ئاغرىقى قاتارلىق نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش چارىلىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، نادان تېۋىپلار بىلەن كامىل تېۋىپلار ھەققىدە مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، ئېتىقاد جەھەتتىن داۋالاشنى ئاساس قىلىشقا قارىتىلغان، ئىسلامىيەتنىڭ تىبابەت قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردا زاۋۇت قەغەزگە بېسىلغان مىخ مەتبەئە، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزد-

نىڭ ھەجمى 24.5×17cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 17×13cm، يان سىزىقى ئۈچ سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 22 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، ئىچ مۇقاۋىغا كىتابنىڭ نامى چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان. قەشقەر ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 4-ئاھالىلەر كومىتېت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابابەكرى ئوسمان ئۆيىدە XGA207-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**27. قانۇنچە مۇھەششا رىسالە قەبرىيە (شەرھ بىلەن يېزىلغان تىبابەت رىسالى)**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 172 بەت، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇللا ئەبى داۋۇت ئەرەب تىلىدا يازغان، ئەنئەنىۋى تىبابەتكە ئائىت تىببىي ئەسەر، كىشىلەرگە كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ يوللىرىدىن ساۋات بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى داۋالاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان، بۇ كىتاب ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكنىڭ تۈرلۈك تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە بېيىتىش ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەمدىن ئىبارەت تۆت خىلتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن يۈز بېرىدىغانلىقى، ئادەمدىكى مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى بارلىق كېسەللىكنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئادەم ئاناتومىيەسىنىڭ تۈزۈلۈشى، بەدەندىكى سۆڭەكلەرنىڭ بۆلەكلىرى، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى ئۆسۈملۈك دورىلىرى بىلەن داۋالاش، دورىلارنىڭ رېتسېپلىرى، ياساش ئۇسۇللىرى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ كۆرسىتىلگەن، كىشىلەرنىڭ سالامەت بولۇشى ئۈچۈن يۈرۈش - تۇرۇش، يېتىپ-قوپۇش، ئوزۇقلىنىش جەھەتلەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىمۇ سۆزلەنگەن.

ھىجرىيە 1326-(مىلادى 1908-) يىلى دېھلىدە زاۋۇت قەغىزىگە بېسىلغان مىخ مەتبەئە، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 29×21cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 19×10cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە ھەر بىر بەتتە ئون قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە شەرھ يېزىلغان، يېڭىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، ئىچ مۇقاۋىسى ھۆسنخەت ۋە نەقش بىلەن ئىشلەنگەن، مۇقاۋىسى يوقالغان، ئەمما باش - ئاخىرى تولۇق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 4-ئاھالە كومىتېت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابابەكرى ئوسمان ئۆيىدە XGPA211-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلن ساقلانماقتا.

**28. «كىتابۇر — رەھمەتى (مېھىر-شەپقەت كىتابى)»**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 288 بەت، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جالالىددىن سۇيۇتى ئەرەب يېزىقى بىلەن يازغان، ئەنئەنىۋى تىبابەتكە ئائىت تىببىي ئەسەر، كىشىلەرگە سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە دائىما يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان، كىتابتا ئادەمنىڭ سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئاناسىرىدىن يارالغانلىقى، ئۇلارنىڭ مىجەزى قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم قاتارلىق تۆت خىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن سالامەتلىكنىڭ ئوزۇقلىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش، يېتىپ-قوپۇش بىلەن مۇناسىۋىتى، سۈت، گۆش، ھەر خىل دانلىقلار، تۇخۇم، سامساق قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا سۆزلەنگەن، تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغان تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورىلارنىڭ رېتسېپلىرى بېرىلگەن، ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان چىش ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، شەقىقە، قۇلاق، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق بەش ئەزا كېسەللىكلىرى زۇكام، ئېغىز ۋە قولتۇق پۇراش كېسەللىكلىرى، يۈرەك، بۆرەك، ئاشقازان ئاغرىقلىرى قاتارلىق چوڭ-كىچىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى يۈز بېرىش سەۋەبلىرى، ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرى كونكرېت بايان قىلىنغان.

بۇ ھىجرىيە 1323-(مىلادى 1906-) يىلى مىسىردا زاۋۇت قەغىزىگە بېسىلغان مىخ مەتبەئە، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 20×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 17×11cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 26 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، ئىچ مۇقاۋىسى نەقىش، ھۆسنخەت بىلەن زىننەتلەنگەن، كىتابنىڭ ئاخىرىدا نىشان تامغا بار، مۇقاۋىسى يوقالغان، قىسمەن بەتلەرنىڭ چۆرىسى پۈچىلانغان.

قەشقەر ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 4-ئاھالە كومىتېت 2-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابلەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە XFA212 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**29. قانۇنچە**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 135 بەت، 19ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۈسەيىن ئىبىن ئىسھاق ئەرەب تىلى بىلەن يازغان، جىددىي، ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تېبىي كىتاب، ئادەم بەدىنىدىكى خىلتلار، مىزاجلار، جۈملىدىن ھۆل ـ ئىسسىقتىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر، ھۆل سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر، بەلغەم، سەپرادىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارغا دىياگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، بولۇپمۇ قايسى خىل خىلىتتىكى كىشىلەردە، قانداق جىددىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، سۈيدۈكتىن يۇقۇملىنىش، يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىكلىرى، ئىچى سۈرۈش كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق ئۈچەي كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەلىرى ۋە ئۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەدبىرلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، مىجەزنى دائىم تەڭشەپ تۇرۇش كېرەكلىكى، سالامەتلىكنى ھەر دائىم ئاسراش زۆرۈرلۈكى، ئۇيقۇ بىلەن ھەرىكەتنى مۇۋاپىق تەڭشەپ يۈرەكنى داۋالاش، يۈرەك ھەرىكىتىنى نورماللاشتۇرۇش كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ھىجرىيە 1299ـ (1881ـ، 1882ـ) يىلى ھىندىستاننىڭ كامپۇرادا بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغەز، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى دىۋان خەت شەكلى، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 23×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 13×7.5cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە توققۇز قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى چوڭ چىقىرىلىپ، شەرھ يېزىلغان، كىتابنىڭ ئۆز مۇقاۋىسى يوقالغان، سېرىق قەغەزدە قايتا مۇقاۋىلانغان، باش ـ ئاخىرى تولۇق، بۇ كىتاب بىلەن بىرگە «رىسالەئى قەبرىيە» ناملىق توققۇز بەتلىك كىتابمۇ بىرگە تۈپلەنگەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP271 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**30. كاملۇ سانائەتوفى ئىلمىي تەشرىخ (ئاناتومىيە ئىلمىدىكى تېخنىكىلىق مۇكەممەللىك)**

بىر قىسىم، 104 بەت، مىلادىيە 1933ـ يىلى پروفېسسور مەۋلىۋى ھېكىم مەنزۇر ئەھمەد ئەرەب تىلى بىلەن يازغان، ئادەم ئاناتومىيەسى ۋە قول ئەمەلىيىتى بىلەن كېسەل داۋالاش ھەققىدىكى كىتاب، ئادەم ئاناتومىيەسى، ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئورنى، بەدەن تۈزۈلۈشى، بولۇپمۇ رەئىس ئەزا بولغان يۈرەك، مېڭە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆپكە، تال قاتارلىق ئەزالار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە مۇرەككەپ ئەزالار تال، ئۆپكە، بالىياتقۇ، ئاشقازان ۋە تاشقى ئەزالاردىن قۇلاق، قول، پۇت، ئېغىز، بۇرۇن، كۆز، جىنسىي ئەزالار، ھەزىم قىلىش سىستېمىسىدىكى ئەزالار قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە تۈرلۈك خاراكتېردىكى كېسەللەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، يوللىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

20ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كانا مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى دىۋان خەت شەكلىدە، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 23×15cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 20×12cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 23 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، تاش مۇقاۋىسى يوقالغان، تىتۇل گۈزەل ھۆسنخەت ۋە نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن، باش ـ ئاخىرى تولۇق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGA272 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**31. كاملۇ سانائەتوفى ئىلمىي تەشرىخ (ئاناتومىيە ئىلمىدىكى تېخنىكىلىق مۇكەممەللىك)**

تومغا بۆلۈنگەن، 2 قىسىم، 80 بەت، 1933ـ يىلى پروفېسسور مەۋلىۋى ھېكىم مەنزۇر ئەھمەد ئەرەب تىلى بىلەن يازغان، ئادەم ئاناتومىيەسى ۋە قول ئەمەلىيىتى بىلەن كېسەل داۋالاش ھەققىدىكى كىتاب، كېسەللەرنى داۋالاشنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، 1ـ تۈرلۈك داۋالاش ئۇسۇلى دورا ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ئادىتى بىلەن كېسەل داۋالاش، 2ـ تۈرلۈكى قول بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان، بولۇپمۇ قول ئەمەلىيىتى بىلەن كېسەل داۋالاش ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، كىندىك ئىششىپ قېلىشنى داۋالاشتا ئەتراپىنى قول ئارقىلىق ئۇۋۇلاش ئارقىلىق، كىندىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يامان سۈپەتلىك بوپېقلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىللە، پۇتنىڭ ھوشقىنى داۋالاش، قان ئېلىپ داۋالاش، جاراھەتلەرنى داۋالاش، بۇۋاسىر (گېمو-

روينى) داۋالاش، ئاياللار كېسەللىكىنى داۋالاش قاتارلىق ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كانا مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۇپلىنىشى يېپلىق، خەت شەكلى دىۋان خەت شەكلى، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 23×15cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 20×12cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 23 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، تاش مۇقاۋىسى يوقالغان، تىتۇل گۈزەل ھۆسنخەت ۋە نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن، باش ـ ئاخىرى تولۇق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGA273 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## 32. تەسھىلۇل مەنابى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 185 بەت، ھىجرىيە 1310 ـ (مىلادىيە 1892 ـ، 1893 ـ) يىللىرى ئىبراھىم بىن ئابدۇراخمان بىن ئابابەكرى ئەرەب تىلى بىلەن يازغان، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەل داۋالاش توغرىسىدىكى تېببىي كىتاب. كىتابتا ئادەم بەدىنىدىكى خىلتلار (ئادەم بەدىنىدىكى سەپرا خىلت، قان خىلت، بەلغەم خىلتى، سەۋدا خىلتى)، قان خىلتىنىڭ زىيادە بولۇپ كېتىشى، بەلغەم خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى، قان خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى، سەۋدا خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇنى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش تەدبىرلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ مىزاجلىرى، مەسىلەن، گۆش، ئاشلىق، شېكەر قومۇش قاتارلىقلارنىڭ قانداق مىجەزدىكى كىشىلەرگە ماس كېلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ھەزىم قىلىشنىڭ ئاجىزلىششى، نامازشام قارىغۇسى، جىنسىي ئىقتىدارنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئاشقازان ياللۇغى، جىما قىلىشنىڭ تەدبىرى ۋە بۇ خىل كېسەللىكلەرگە دورا تەييارلاش، داۋالاش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىسىردا بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۇپلىنىشى يېپلىق، خەت شەكلى دىۋانە خەت شەكلىدە، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 27×19cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 23.5×12.5cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 35 ـ 36 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىگە شەرھ يېزىلغان، كۆنىدىن تاشلانغان قاپارتما گۈللۈك نەقىشلىك مۇقاۋا، باش ـ ئاخىرى تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGA291 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## 33. مەخزەنۇل ھېكمەت

بىر قىسىم، 764 بەت، 1935 ـ يىلى ھېكىم زاكىرغۇلام جىلانى ئوردۇ تىلى بىلەن يازغان. بۇ تېبابەتكە ئائىت كىتاب بولۇپ، كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا ئادەم ئورگانىزملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، شەكلى سۈرەت بىلەن بىرگە بېرىلگەن، سۈرەتتىكى ھەرقايسى ئورگانىزملارنىڭ نامى ئەرەبچە، ئوردۇچە ۋە ئىنگلىزچە ئىپادىلەنگەن، ھەرقايسى ئەزالار ئايرىم ـ ئايرىم تۈزۈلۈش شەكىللىرىگىچە چوڭايتىلغان سۈرەت بىلەن كۆرسىتىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن ھەمدە بەزى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىلگەن. مەسىلەن، گال ئاغرىقى، ئاشقازان كېسىلى، باش ئاغرىقى قاتارلىقلار.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لاھۇردا بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۇپلىنىشى يېپلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 24×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 20×10cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 24 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ سۈرىتى كىرگۈزۈلۈپ بېرىلگەن. تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى مەمەتئىمىن ئوبۇلقاسىمنىڭ ئۆيىدە XGO001 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

## 34. مەخزەنۇل ھېكمەت

تومغا بۆلۈنگەن، 2 قىسىم، 813 بەت، 1935 ـ يىلى زاكىر غۇلام جىلانى ئوردۇ تىلى بىلەن يازغان، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كىتاب، بۇ قىسمىدا كېزىك باكتېرىيەسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكى، قۇرۇق ئۇسسىق كېسەللىكى، يامان سۈپەتلىك كېسەللىكلەر، قەنت سىيىش كېسەللىكى، مېڭە ئاجىزلىق كېسىلى، مېڭە ياللۇغى، نېرۋا ئاجىزلىق، ۋابا كېسىلى، زۇكام قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لاھۇردا بېسىلغان

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۆپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 24×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 20×10cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 24 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى مەمەتئىمىن ئوبۇلقاسىمنىڭ ئۆيىدە XGO002-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**35. مەزەنۇل ھېكمەت**

تومغا بۆلۈنگەن، 3 قىسىم، 713 بەت، 1935-يىلى ھېكىم زاكىر غۇلام ئوردۇ تىلى بىلەن يازغان، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كىتاب بولۇپ، بۇ قىسىمدا ئادەملەردە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، دورا رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، يۈرەك كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالامىتى، تىل ياللۇغى، گال ئىششىقى، بۇ خىل كېسەللەرنىڭ سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، نامازشام قارىغۇسى، بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى، بۇنى تېبابەتتە داۋالاش ئۇسۇللىرى، ئاياللار كېسەللىكى ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، بۇۋاسىر كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، ھەر خىل سۇنۇق كېسەللىكى، ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لاھوردا بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، زاۋۇت قەغىزى، تۆپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 24×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 20×10cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 24 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى مەمەتئىمىن ئوبۇلقاسىم ئۆيىدە XGO003-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**36. مىزانى تىب**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 344 بەت، 1871-يىلى مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى ئوردۇ تىلى بىلەن يازغان، بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت كىتاب بولۇپ، كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن، 1 - قىسىمدا ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خۇسۇسىيەت (ھارارەت ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت)، 2 - قىسىمدا خام ۋە پىششىق دورىلار، ئوزۇقلىنىش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن. 3 - قىسىمدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، يەنى باش ئاغرىقى، كۆز كېسەللىكى، بۇرۇن كېسەللىكلىرى، ئۆپكە، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، كۆكسى ئاغرىقى كېسەللىكلىرى، ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، مەقئەت كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، دوۋساق كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، چاچ، تىرناق، قول، پۇت كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت ئاخىرىدا سۆزلۈكلەر توغرىسىدا لۇغەت بېرىلگەن.

1943-يىلى لاھوردا بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۆپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 21×13cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 18×10cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 27 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، مۇقاۋىغا كىتاب نامى ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ئەخمەتجان ئىسمائىل، ئابدۇكېرىم تۇرسۇن توختى، ئەكبەر مەمەتلەرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 2002-يىلى نەشر قىلىنغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى مەمەتئېمىن ئوبۇلقاسىم ئۆيىدە XGO004-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا، يىغىپ توپلانغان قەدىمكى كىتابلار.

2. ئابدۇراخمان باقى قاتارلىقلار 2006-، 2007-، 2008-يىللىرى ئومۇمىي كاتولوگلارنى تۈزگەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا، يىغىپ توپلانغان قەدىمكى كىتابلار.

(ئاپتور: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)



# كەلپىن چىپىت نېنى

تۇرسۇن قۇربان

كەلپىن ناھيەسىنىڭ يەرلىك، ئۆزگىچە ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان چىپىت نان ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، شىن-جاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. چىپىت نېنى شاڭخەي دۇنيا يەرمەنكىسىدە قويۇلۇپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

كەلپىن چىپىت نېنى ئوخشاشلا ئادەتتىكى تونۇرلاردا پىشۇرۇ-لىدۇ. شەھەر - يېزىلاردىكى ھەممە كىشى دېگۈدەك ئىستېمال قى-لىدۇ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىكى مېھمان كۈتۈشلەر-دە كەم بولمايدۇ. چىپىت نان داستىخان ئۈستىگە گۆش-پولۇ ۋە شورپىلىق سۇيۇقئاشلار بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مېھمانلارنىڭ گۆش ۋە پولۇنى چىپىت نانغا ئوراپ يېيىشكە قولايلىق يارىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق يې-گەندە گۆش-پولۇ ۋە چىپىت تېخىمۇ يېيىشلىك ھەم مەززىلىك بو-لىدۇ. ئادەتتە بىر قىسىم ئۆت كېسىلى ۋە جىگەرنى ماي قاپلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش تۈپەيلىدىن پولۇ ۋە گۆش يېيىشتىن ئېھ-تىيات قىلىدىغانلارمۇ گۆش، پولۇنى چىپىتكە ئوراپ يېسە زىيان قىلمايدۇ. گۆش-پولۇنى چىپىت نانغا ئوراپ مېھمانلارغا «زەللە» قىلىپ بېرىدۇ.

چىپىت ناننى تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇش جەريانى بىر قەدەر ئاددىي ۋە ئىنچىكە بولۇپ، ئالدى بىلەن بۇغداي ئۇنى يۇغۇرۇ-لۇپ خېمىر تەييارلىنىدۇ، تەخمىنەن 200 گىرام خېمىردا بىر دانە چىپىت نان تەييارلىنىدۇ. ئۆلچەملىك پىشۇرۇپ تەييارلانغان بىر دانە چىپىت ناننىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە 40 ـ 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. بولۇپمۇ تونۇردىن يېڭى پىشۇرۇلۇپ چىققان چىپىت نان ھەم يۇمشاق، ھەم مەززىلىك بولۇپ ئىنتايىن يېيىشلىك بولىدۇ. ئاياللار ئادەتتە يېڭى پىشۇرۇلۇپ چىققان ئىسسىق چىپىت نانلارنى مەلۇم ۋاقىت شامالدىتىپ سوۋۇتقاندىن كېيىن داستىخانلارغا ئوراپ كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان سالقىن جايلارغا قويۇپ ساقلايدۇ، بۇنداق قىلغاندا بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت ساقلاپ يېگىلى بولىدۇ.

كەلپىن چىپىت نېنى رۇپىتە بىلەن ئوتتۇندا قىزىتىلغان تونۇرغا يېقىلىپ پىشۇرۇلىدۇ، يەنى ئالدى بىلەن خېمىر مەخسۇس ياسالغان تاختىغا قويۇلۇپ مەخسۇس ياسالغان سېكىلەك (كىچىك نوغۇچ، پۈزى) بىلەن يېيىتىلىپ نېپىز، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن تونۇرغا چاپلاپ پىشۇرىدۇ، بىر مىنۇتتىلا پىشىدۇ.

(ئاپتور: كەلپىن ناھيەلىك پارتكوم تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

www.uyghurkitap.com

# ئۆمۈر چولپانلىرى

ئابدۇللەھەت ئابدۇراخمان





**نـــامــەت تـــــۇردى** (1853 ـ 25.2.1966 ) 1853ـ يـىلـى تـۇرپـاندا نامرات قاسساپ ئائىلىسىدە تـۇغۇلغان. تۆت يېشىدا ئاتا ـ ئـانىسىغا ئـەگىشىپ، سايرام كـۆلى بويىدىكى «سەنتەي»گە كېلىپ ئورۇنلاشقان. تۇرمۇش قىينچىلىقى تۆپەيلىدىن كىچىك تـۇرۇپلا سـەنتەيدىكى دەڭ خوجايىنىغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بـولغانلىقى سـەۋەبىدىن ساۋاتسىز بـولۇپ قـالغان. بۈيۈك غايە ـ مەقسەتنى قەلبىگە پۈككەن كىچىك نامەت خـوجايىنىڭ قولىدا ئۇزاق يىل جانپىدالىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خېلى كۆپ مال ـ چارۋىنىڭ ئـىگىسىگە ئـايلىنىپ قالدۇ. 19ـئەسىرنىڭ كـېيىنكى چارىكىدە لـوسىگۇڭغا كـېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، «كەتمەندۆڭ» بىنەملىكىدىن 400مو يەرنى قـولىدىكى مال ـ چارۋا بىلەن ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىپ، مېۋىلىك بـاغ ئەھيا قىلىشقا بەل باغلىغان، تاشلاندۇق ئـاق يـەرنى رەسمـي بـىر باغقا ئايلاندۇرۇپ بولغۇچە نەچچە ئون يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا، نۇرغۇن قان ـ تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، كـېچىكىدىن باشلاپلاجاپا ـ مۇشەققەتلىك تـۇرمۇشتا تـاۋلىنىپ پـىشقان بۇ ئىرادە ئىگىسى ئىگىلىك تىكلەش يولىدا قەتئىي بوشاشماي، بـىر تەرەپتىن كۆچەت تىكىپ باغ بەرپا قىلسا، يەنە بـىر تـەرەپتىن يـەر ئېچىپ 1000مو يەرنى ئـۆزلەشتۈرگەنىدى. نـەتىجىدە ئـېگىلمەي ـ سۇنماي يەر بىلەن، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئۇزاق يـىل كـۈرەش قىلىپ، 300 مولۇق جەننەتتەك مېۋىلىك باغ ئـەھيا قـىلىپ چىقالىغان. «ھالال مېھنەت تىللا تۆكەر»، شۇنداق قـىلىپ ئـۇنىڭ نـامى يىراق ـ يېقىنغا تارقىلىپ كەتكەن «نامەتباينىڭ بېغى»، «نـامەتباينىڭ جاڭزىسى»نىڭ ھەقلىق خوجايىنىغا، شۇنداقلا پـۈتكۈل شىنجاڭغا، ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان مەشھۇر بايلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

«يۇرت سۆيگەن ئەر ـــ سايىسى بـار دەرەخ» دېگـەندەك، ئۇ باي بولۇپ داڭقى چىققاندىن كـېيىنمۇ تـۇرمۇشتا سۆلەت قـوغلاشمايدىغان ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، چىقىشقاق، كـەڭ قـورساق، ھاتەمدەك سېخىي، خىزىردەك رەھىمدىل بولۇشتەك ئـالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قـالغان بـولۇپ، نـۇرغۇن كـەمبەغەل ـ يـوقسۇل، يېتىم ـ يېسىر، نامرات ـــ ھەقىرنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئـون نـەچچە يېتىمچىنى ئـۆيلۈك ـ ئـوچاقلىق قـىلىپ قويغاندىن بـاشقا، سابىق سـوۋېت ئـىتتىپاقىدىكى سولچىل سـىياسەتنىڭ زىيـانكەشلىكىگە ئۇچراپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ لوسىگۇڭغا كېلىپ قالغان 30 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ھەر مىللەت كـىشىلىرىگە بـاغ ئـەتراپىدىن ھەقسىز يەر ئـاجرىتىپ ئـۆي سېلىپ، ئۆي بـېساتلىرىدىن تـارتىپ ئـېلىپ بـېرىپ، خـاتىرجەم مـاكانلاشتۇرغانىدى. ئـىزچىل تـۇردە يوقسۇل ـ مىسكىنىنىڭ قاياشى بولۇپ كەلگەن بۇ ساخاۋەتچى بـاي مەرىپەت سۆيەر ئادەم بولۇپ، ئـوي مـەھەللە مـەسچىتىگە 30 مو يەرنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، مەسچىتنىڭ جەنۇب تەرىپىگە سېلىنغان پـەنىي مـەكتەپ ئۈچۈن زور ئـىقتىسادىي ياردەم بەرگەن ھەم ئۆز نامىدا ئاستى ـ ئۈستىنى تـاختايلىق قـىلىپ ئۈچ سىنىپ سېلىپ بەرگەن. كـەتـمەندۆڭدە «نـامەتباي مـەسچىتى»نى سالدۇرغانىدى. ھايات نـىشانى ۋە يـۆنىلىش تـۈيغۇسى ئـېنىق بـۇ زەردارباي خەلقپەرۋەر، مـەرىپەت سۆيەرلىكى، مـەرد سېخىيلىقى بىلەن خەلقنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئـېرىشىپ، يـەرلىك مـەمۇرىيلارنىڭ ئىشەنچىسى بىلەن لوسىگۇڭنىڭ شاڭيۇسىمۇ بولغان. ئـۇ توغرا سۆزلۈك، ئوچۇق قول، ئادىل، ھەققانىيەتچى ئەمەلدار بول-

غاچقا، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە گەرچە ئۇنىڭ سىنىپىي تەركىبى «پومېشچىك» قىلىپ ئايرىلغان بولسىمۇ، خەلق ئۇنىڭ «نامەت-باي»، «نامەت شاڭيۇ» دېگەن ھۆرمەت نامىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن سېغىنىپ ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

نامەت شاڭيۇ ھەر جۈمەدىن يانغاندا بىر قىسىم ئىگە - چاقىسىز، يېتىملىكتىن تاز بولۇپ كەتكەن باللارنى باشلاپ چىقىپ، باشلارنى پاكىز يۇيۇپ - تازىلاپ «غازنىڭ مېيى — تازنىڭ مېيى» دېگىنىچە، ئۇكلەنگەن غازنىڭ دۈمبىسىدىن قىرتىۋېلىنغان ماي بىلەن تاز باشلارنى داۋالاپ ساقايتتى. باللاردىكى سېرىق چاقا (شاپاق يارا)، بوغۇزى ئىششىپ قېلىش كېسەللىكلىرىگە ناھايىتى ئۇنۇملۇك داۋا قىلىپ قوياتتى. توي ياكى نەزىر قىلماقچى بولغان كەمبەغەللەرنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ قوي، موزاي، ھەتتا تاي، كالىلارنى ھەقسىز يېتىلتىپ قوياتتى. ئۇ «كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن» دېگەن ھېكمەتنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان، شۇڭلاشقا 300 مو باغنىڭ مېۋىسىنى ھەر يىلى پۇلغا ساتماي، خەلققە يېگۈزۈپ تۈگىتەتتى.

نامەتباي ھاياتىدا تۆت نىكاھلىق بولۇپ، ئالتە پەرزەنت، 37 نەۋرە، 82 چەۋرە، 25 ئەۋرە يۈزى كۆرگەن. ساۋاتسىز بولسىمۇ، باللارنى ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئەۋلادلىرىدىن 19نەپەر ئوتتۇرا، ئالىي مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. نەۋرىسى ئەنۋەر شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. نامەت شاڭيۇنىڭ ھۆرمەت نامى چېگرا ئاتلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تارقىلىپ، يىراق يېقىنغا داڭقى چىقىپ كەتكەن مەزگىللەردىمۇ كەمتەر، ئېغىر بېسىق، تەمكىن بولۇپ، ئاددىي كىيىنىپ، تاماق تاللاپ كەتمەي، ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە جىسمانىي ئەمگەكتىن ئايرىلمىدى. ناشتىلىقىغا ئالما يېيىشكە ئامراق بولۇپ، «بىزدە كۈندە بىر تال ئالما يېسەڭ، تېۋىپ ئىزدىمەيسەن»، «تاغامنىڭ ئىسسىقى ياخشى، مېۋىنىڭ پىششىقى» دېگەن سۆز بار. «ئەتىگەنلىك ناشتىغا مەي بولۇپ پىشقان ئالمىدىن ئاقلاپ يېگەن ئادەمنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ يۈرىكى ياشىرىدۇ» دېگەننى دائىم قىلاتتى. داستىخنى كەڭ بۇ ئائىلىدە ھەر كۈنى قوي سويۇلۇپ، قازاندا گۆش قايناپ تۇراتتى. ئۇ ئاچ - زېرىن، مىسكىن - مۇساپىر، يېتىمچى - ئىشلەمچىلەرنى دائىم تاماقلاندۇراتتى. ئۆزى: «دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بۇنىڭ!» دەپ گۆش بىلەن بىرگە پىشۇرۇلغان قوينىڭ ئاچچىق ئۇچىيىنى ئىستېمال قىلاتتى، يېڭى سويۇلغان قوي يۈرىكىدىن چىقىدىغان سېرىق سۇنى ئىچەتتى.

شۇڭا تەن قۇرۇلۇشى چىڭ، دىققاق كەلگەن بۇ ئۆمۈر چولپىنىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆزى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، كۆرمەس بولۇپ قالغاندىن باشقا ھاياتىدا كېسەل بولۇپ باقمىغانىدى.

ۋەھالەنكى، جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە جەننەت كەبى باغ ئەھيا قىلغان، باغنىڭ مېۋىسىگە خەلقى بىلەن بىللە ئېغىز تەگكەن، «نامەتباينىڭ بېغى»، «نامەتباينىڭ مەسچىتى»، «نامەتباينىڭ جاڭزىسى»نىڭ بەرپاچىسى، غۇرۇر، ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن ھەققانىي ياشىغان، مېھنەتكەش، خەلقچىل، مەرىپەتپەرۋەر، نىيىتى ئەلا، ئىشلىرى ساخاۋەتلىك، باشقىلار، ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى ساۋاب بىلىدىغان بۈيۈك ئىنسان 1966 - يىلى 25 - فېۋرال كۈنى لوسگۇڭدىكى ئاددىي ئۆيىدە 113يېشىدا جاھاندىكى ھەممە مېۋە تۈرلىرى تېپىلىدىغان بېغى تەرەپكە قاراپ يېتىپ، باقىي ئالەمدىكى جەننەتكە كەتكەنىدى. مەرھۇم باي شاڭيۇ لوسگۇڭ ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن نۇرلۇق چولپاننىڭ بىرى ئىدى، بۇ تەۋەررۈك ئۇلۇغ زاتنىڭ خەلقىمىز قەلب تۆرىدىكى ئۆلمەس روھى ئەبەدىل -ئەبەدكە ياشايدۇ.

شۇنداق «ئۆزىنى ئويلىغان يادايدۇ، ئۆزگىنى ئويلىغان ياشايدۇ!».



**ئەبەيدۇللا نەسرىدىن** (1898 - 2009): ئەسلىي ئىسمى ۋەلىيۇللا نەسرىدىن («ئەبەي پاكار» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان)، مىللىتى تاتار، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسىدە چارۋىدار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بوۋىسى ئاماندباي، ئۇلۇغ بوۋىسى كەبىيۇللا تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىدىن بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئالتايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. «جاپالىق باشلىنىشى يوق ئادەمنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكى بولمايدۇ» (ئىبنى ئاتائۇللاھ ئىسكەندەرىي) دېگەندەك، ئەبەيدۇللا ئىككى يېشىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان. 12يېشىدا كارۋانغا ئەگىشىپ چۆچەككە، 14يېشىدا ئېشەكچىلەرگە ئەگىشىپ غۇلجا شەھىرىگە چىققان. ئۇ غۇلجىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەت، ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈپ، 40 ياشقا كەلگەندە ئاندىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولالىغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



1942ـ يىلدىن ئېتىبارەن لوسگۇگدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ،
دېھقانچىلىق ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 110يىل ئۆمۈر
كۆرۈپ، 2009 ـ يىلى 14 ـ يانۋار لوسگۇگدا ۋاپات بولغان. ھايا-
تىدا ئون پەرزەنت، 21 نەۋرە، 11چەۋرە كۆرگەن بولۇپ، «بىز
تاتارلار ئوقۇمىغان ئادەم ھايۋانغا ئوخشايدۇ دەپ قارايمىز»
دېگەن ئەقىدىسى بويىچە ئەۋلادىنى تەربىيەلەشكە، ئوقۇتۇشقا ئا-
لاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. نەتىجىدە، بۇ ئائىلىدىن 24 نەپەر ئوتتۇ-
را، ئالىي مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئەبەي-
دۇللا بوۋاي ھاياتىدا جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەي، ئۈمىد ۋە
تىرىشچانلىق بىلەن جاسارەتلىك ياشىغان، كۆكسى ـ قارنى كەڭ،
مېھماندوست، خۇش چاقچاق، جىسمانىي ۋە تېخنىكىلىق ئەمگەك-
لەرگە ھېرىس، تىنىم تاپمايدىغان، ئۆمۈربويى كەيىپ ـ ساپا بىلەن
شۇغۇللانماي، پەرىشتىدەك پاكىز قېرىغان، ناماز ۋە روزىنى بىر
كۈن تەرك قىلمايدىغان، تەقۋادار ئادەم ئىدى؛ مۇساپىر، كەچ
قالغان يولۇچى، يېتىمچىلارنى نە ـ نەلەردىن ئۆيىگە باشلاپ
كېلىپ تاماق بېرىپ قوندۇرۇپ ھالىغا يېتىدىغان، بەزىلىرىگە
چىقىش يولى تېپىپ بېرىدىغان راپاۋىتى چەكسىز، سېخىي ئادەم
ئىدى. باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى داۋراڭ قىلىپ سۆزلەپ
يۈرمەيتتى، بەلكى جىمجىتلا «ئۇنتۇپ قالاتتى»، ئەمما باشقىلار-
نىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ھەسسىلەپ قايتۇرۇشقا تىرى-
شاتتى، ئاداۋەت ساقلاش، ئاچ كۆزلۈك، چېقىمچى، ماختانچاق،
مەنپەئەتپەرەسلىك ئىللەتلىرىنى يامان كۆرەتتى. تاماق تاللىمايتتى،
ئەمما گۆشلۈك ــ قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىشنى، قوي گۆشى، ئات
گۆشى، قىمىزنى ياخشى كۆرەتتى. يىلدا بىر نۆۋەت سۈت بىلەن
ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۈرگە دورىسى تەيى-
يارلاپ ئىچىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى تازىلاپ مىجەزىنى تەڭشەپ تۇ-
راتتى. شۇڭا ئۇ ھاياتىدا قېرىلىق كېسىلىدىن باشقا كېسەل بىلەن
ئاغرىپ باقمىغان، ساغلاملىقنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئوچۇق ـ
يورۇق، خۇش تەبىئەتلىك، كىچىك پېئىل بولۇپ، ھالال، ئېجىل ـ
ئىناق ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، بالىلىرى، قولۇم ـ قوشنا،
ئەل ـ مەھەللىسىگە مۇشۇ جەھەتلەردە ئۈلگە يارىتىپ كەتكەن خا-
سىيەتى، پەزىلىتى كۆپ ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لوسگۇگ جا-
مائىتى بۇ تەۋەررۇك ئىنساننىڭ «ئەبەي پاكار» دېگەن ھۆرمەت-
لىك نامىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىپ تەرىپىنى قىلىشىپ كەلمەكتە.

ھاياتقا جاسارەت ۋە ئۈمىد بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن بۇ
مويسىپىت تېمەن بولۇپ، يەنىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن
ئىدى. بىراق 2005 ـ يىلى ئۇنىڭ ئاز كەم 70 يىللىق ھەمراھى،
ياۋاش ـ يۇمشاق سىرداش دوستى، ئالتۇندەك ئۇن بالىنىڭ مېھرى-
بان ئۇيغۇر ئانىسى مارىخاندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بارا ـ
بارا كەمسۆز بولۇپ، جىمغۇرلىشىپ، كىچىك بالىدەك ياۋاشلىشىپ
كەتتى. خاتىرىسى چېكىنىپ، ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەم
ئەسلىدە بىز ئۈچۈن تۇتىيا، تەۋەررۇك ئىنسان ئىدى. چۈنكى ئۇ
مەنچىڭ خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ كوممۇنىستىك پارتىيە زامانىسى-
غىچە ياشاپ، نەچچە دەۋر، نەچچە خاندانلىقنى كۆرگەن، ئەسىر-
دىن ھالقىغان تارىخنىڭ شاھىدى بولالىغان تۇتىيا قامۇس ئىدى.

ۋەھالەنكى، پېقىر بۇ ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ ئاتا، مەرىپەت
سۆيەر ئىنساننىڭ ھاياتلىقىدا ھال ـ مۇڭ بولالمىغان، توغرىسى، بۇ
ھايات قامۇسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەن، بىلەلمى-
گەن، مۇبارەك پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرگەن ئىكەنمەن. خەير،
نۇرغۇنلىغان ئېھسانلىق ئىشلىرىنى ۋە قۇتلۇق ئىزىنى ئەۋلادلىرىغا
ئۇن ـ تىنسىز مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن خاسىيەت ئىگىسى،
ئۆمۈر چولپىنىنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي...



**زورىخان ئىمرىۋا** (1901 —
2007.8.9) 1901 ـ يىلى يەركەنت
شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇ-
غۇلغان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلى-
غان يىلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ
قورغاس چېگراسى ئارقىلىق سۇلتا-
نوۋىكە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.
دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن
(1916 ـ يىلى) تۇرمۇش قىيىنچىلىقى
تۈپەيلىدىن ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق مۇھەممەد-
جان يولداشوفقا 15يېشىدىلا تۇرمۇشلۇق قىلىۋېتىلگەن ۋە شۇ يىلى
يولدىشى بىلەن لوسگۇگغا ماكانلاشقان. ئۆمۈربويى جىسمانىي
ئەمگەك بىلەن تىنىمسىز شۇغۇللىنىپ كەلگەن. زورىخان ئىمرىۋا.
ئىشچان، گەپنىمۇ كۆپ قىلاتتى. بەك پاكىز ئىدى. بىر قولىدىن
ئوتىغۇچ، يەنە بىر قولىدىن سۈپۈرگە چۈشمەيتتى. ۋىجدانلىق،
ئاچچىقى يامان، يۈز ـ خاتىرە قىلىشنى بىلمەيتتى، ئاداۋەت ساقلى-
مايتتى. مېھماندوست ئىدى. قورساققا ئامراق، تاماق تاللىمايتتى،
بولۇپمۇ مايلىق پولۇ، سېيى مۇچ بىلەن قورۇلغان لەغمەن يېيىشكە
قەۋەتلا ئامراق بولۇپ، كۈنلۈك تاماق ياكى چېيىدا ياغمۇچتىن
ئايرىلمايتتى. بىرەر ـ ئىككى جىلىڭ گازىر چېقىپ بولاتتى.
ئاچچىق مۇچ يېيىشكە ئامراق بولۇش بىلەن بىرگە، تاماقنىمۇ،
چاينىمۇ سوغۇق ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم

يىقىلىپ قولىنى سۇندۇرۇۋالغاندىن باشقا ھاياتىدا كېسەل بولۇپ باقمىغان، 15 پەرزەنت، 28 نەۋرە، 45 چەۋرە، ئۈچ ئەۋرە يۈزى كۆرگەن، 106 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.



**توختىخان قاسىم** (1902 — 15.11.2004) 1902 - يىلى لوسەڭگۆڭ ئۆي مەھەللىدە مەرىپەتسۆيەر كاسىپ (ناۋاي) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى دىنىي مەلۇماتنى مەھەللە مەسچىتىدە ئالغان 1918 - يىلى لوسەڭگۆڭنىڭ قازىسى، ئۆي مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئوتتۇرا ياشقا كىلىپ قالغان ئىمامى سىدىق قازى (1870 — 1955) بىلەن توي قىلغان. 12 پەرزەنت، 32 نەۋرە، 48 چەۋرە، يەتتە ئەۋرە يۈزى كۆرگەن.

ئۇستازى ۋە يولدىشى سىدىق قازاخۇنۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى يىرىم ئەسىرلىك تۇللۇق ھاياتىنى ئۇ قەدىناسىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلاد تەربىيەلەشكە، بالىلارنى ئوقۇتۇشقا ئاتىغان. نەتىجىدە بۇ ئائىلىدىن 30 نەپەر ئالىي، ئوتتۇرا مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. توختىخان قاسىم گۆشنان، كۆمەچ نان، قورۇما شوۋا، سۈت بىلەن قايىنتىلغان گۆرۈچ تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. خاراكتېرى جەھەتتىن چىقىشقاق، ئوچۇق سۆزلۈك، مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل ئىدى. قىش - ياز سوغۇق سۇ بىلەن يۈز يۇيۇشقا ئادەتلەنگەنىدى.

100 ياشتىن ئاشقاندىمۇ كۆزى روشەن يىڭنىگە يىپنى بىمالال ئۆتكۈزەلەيتتى، چېچى تىگىدىن قارىيىپ چىقىشقا باشلىغانىدى، 102 يېشىدا ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى.



**ئوسمان ھەسەن يىكچىر**

موزدۇز بولۇپ («ئوسمان ئۇستا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان) 1909 - يىلى 6 - مايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسى يىكچىر مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى دىنىي ۋە پەننىي مەلۇماتنى ئۆز مەھەللىسىدە ئالغان، كېيىن داڭلىق موزدۇز تۇردى ئۇستىدىن ھۈنەر ئۆگەنگەن. گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، سوپاخۇن تۇەنجاڭنىڭ قىسمىدا تۇرغان ۋە ھەقىقەتكە قايتىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قاتناشقان، ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن كەسىپ ئالمىشىپ يۇرتىغا قايتقان.

1967 - يىلى ئائىلىسى بىلەن لوسەڭگۆڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئىككى نىكاھلىق بولۇپ بەش پەرزەنت، 12 نەۋرە، توققۇز چەۋرىلىك بولغان. تېنى ساغلام بولۇپ، 90 يېشىغىچە دېھقانچىلىق، ھۈنىرى ۋە ۋاپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھاياتىدا ھەربىي تەلىم - تەربىيەنى قوبۇل قىلىپ، ئەسكەر بولغان بۇ ئادەم مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىن كەسكىن، ئۇدۇل سۆزلۈك بولۇپ، خۇشخۇي، چىقىشقاق، ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ھاجەتمەنگە ئىككىلەنمەي ئۆتتۈنۈپ بېرەلەيدىغان قولى ئوچۇق كىشى. تاماق تاللىمايتتى ۋە گۆشلۈك، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىشنى ئادەت قىلغان. كەچتە بېنىكرەك ئوزۇقلىناتتى. نان بىلەن سامساق دېيىشكە ئامراق. پاكىز، رەتلىك. ئوسمان ھەسەن يىكچىر بۇ يىل 101 ياشقا كىردى.

بىز ئوسمان بوۋايغا تېخىمۇ ئۇزاق ئۆمۈر، ھاياتىغا بەختلەر تىلەيمىز!

ئوبۇل قاسىم كېرىم («چوڭ ئوبۇلقاسىم» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق) 1915 - يىلى 18 - مارت قەشقەر ئايپاق غوجامدا تۇغۇلغان، بۇ يىل 95 ياش. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە «ئىسمائىل ھاجى مەكتىپى» دېگەن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1932 - يىلى ئاپىسىغا ئەگىشىپ لوسەڭگۆڭغا كەلگەن ۋە «ئۆي مەھەللە مەكتىپى»دە داۋاملىق ئوقۇپ باشلانغۇچنى پۈتكۈزگەن، 1937 - يىلىدىن 1939 - يىلغىچە «ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى»نى ئوقۇپ پۈتكۈزۈپ، ئاقسۇدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئەسكەرمۇ بولغان. 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدە ساقچى تەربىيەلەش مەكتىپىنى ئوقۇپ پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، 1961 - يىلى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ لوسەڭگۆڭغا قايتىپ دېھقان بولغان.

ھاياتىدا 13 پەرزەنت، 32 نەۋرە، 14 چەۋرە كۆرگەن بولۇپ، بالىلارنى ئوقۇتۇشقا، ئىلىم ئىگىسى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئۆزى كىتابخۇمار كىشى.

ھاياتقا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. قورساققا ئامراق، تاماق تاللىمايدۇ، مايلىق تاماقلارغا، ھەسەل، سۈت، تۇخۇم، تاتلىق يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. تىنىمسىز جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىدۇ، ھاياتىدا كېسەل بولۇپ باقمىغان. جامائەتچىلىك روھى ئۈستۈن، پاراڭخۇمار، ئوچۇق سۆزلۈك، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى.

(ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسىيونېرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئېقىن بويلاپ بۇلاق ئىزدەش

(قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئۇرىچى يېزىسىدىكى بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرىنىڭ تېگىنى ئىزدەشتىن ھاسىلات)

**مۇھەممەدئىمىن قۇربان**

**«ئۇرىچى» ئاتالغۇسى توغرىسىدا**

بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا بۇنداق ئۈچ خىل قاراش ساق-لانماقتا:

1) يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇرىچى دېگەن بۇ موڭغۇلچە سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى يايلاق، ئوتلاق دېگەنلىك بولىدىكەن. تارىخنىڭ قايسىبىر دوقمۇشلىرىدا بۇ يەردە بىر نەچچە ئون كۆچمەن موڭغۇل چارۋا بېقىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆچۈپ كەتكەنىدى.

2) ئەزەلدىن بۇيان بۇ يەر يانتاق، يۇلغۇن، توغراق-لار قويۇق ئۆسكەن جاڭگال ئىكەن. پاۋانلار (يەرلىك ملتىق بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدىغانلار) بۇ يەرگە كېلىپ تۈلكە، بۇغا، كېيىك...لەرنى ئوۋلايدىكەن. 300 يىل بۇ-رۇنقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر پاۋان تۈلكە ئوۋلاپ يۈرۈپ ئۇشتۇمتۇت بەش-ئالتە توڭگۇزغا ئۇچراپ قاپتۇ. توڭگۇزلار بۇ يالغۇز پاۋانغا خىرس قىپتۇ. پاۋان مىلتىق-نى ئوقلاپ ئۆلگۈرمەسلىكىنى ئويلاپ يېقىن كەلگەنلىكى توڭگۇزنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ، نەيزىسى بىلەن سانجىپ يېرىم سائەتچە جەڭلەشكەندىن كېيىن يارى-لانغان توڭگۇزلار قېچىپتۇ. پاۋانمۇ ھېرىپتۇ، مىلتىقنىڭ پاينىكىمۇ سۇنۇپتۇ. ھېچىبىرى زەخىملەنمىگەن بىر توڭگۇز پاۋانغا خىرس قىلىشتىن توختىماپتۇ. پاۋان ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ خورۇلداپ كەلگەن توڭگۇزنىڭ بۇرنىغا مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى سانجىغانىكەن توڭگۇز چىرقىرىغانچە قېچىپتۇ. پاۋان توغراقنىڭ سايىسىدە ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. ئۇدۇل تەرەپتىن تونۇش پاۋانلار كېلىپ ھاردۇق سوراشقاندىن كېيىن:

— مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكى سۇنۇق تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. پاۋان بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بې-رىپتۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىدە «ئۇردۇم» دېگەن سۆز جىق تەكرارلانغانلىقتىن، پاۋانلار بۇ يەرنى «ئۇردۇم» دەپ

ئاتاپتۇ. بۇ سۆز بارا-بارا «ئۇر»غا قىسقىراپتۇ. كېينچە بۇ يەردە مالچىلار كەپە تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر:

— ئۇرچىغا باردۇق.

— ئۇرچىدىن كەلدۇق، — دېيىشىدىغان بولۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى كىشىلەر تىلىغا «ئۇرىچى» دەپ ئۆزلىشىپتۇ.

3) «ئۇرىچى» — ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بۇ يەرلەر كىشىلەرگە مۇشۇ سايمان بىلەن ئۆلچەپ بېرىلگەنىكەن.

## بازار بويى

نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن بۇ يەرلەر بىپايان يايلاق ئىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى چارۋىچىلار چارۋىلىرىنىڭ قىشلىق يەم-خەشىكى ئۈچۈن بۇ يەرلەردىن قومۇش، ياندتاق...لارنى يىغىۋالىدىكەن. بۇ يىللاردا ئۇرىچى بىلەن كۇيا يېزىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان هازىرقى ئۆلەك (تەبىئىي ئېقىن) بويىغا بارات ئىسىملىك بىر كىشى نۇرغۇن جىگدە دەرەخلىرىنى يېتىشتۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرسۇن پەتەك دېگەن كىشى كىچىك بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ قومۇش ئورىغىلى مېڭىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ بالىسى توختاپ:

— دادا، جىگدە يەيمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن پەتەك تۆت تال جىگدىنى ئېلىپ بالىسىغا بېرىپ تۇرۇشىغا بارات دېۋەيلەپ كېلىپ:

— بۇ جىگدىلىرىمدە سېنىڭ ھەققىڭ يوق، قولۇڭ بولسا سەنمۇ جىگدە تىكىپ، ئۆزۈڭنىڭكىنى يە، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپتىن كۆڭلى رەنجىگەن تۇرسۇن پەتەك بىر نەچچە ھەپتە ھاردۇق ئالماي ئېرىق چېپىپ هازىرقى بازار بويى كەنتىگە سۇ ئېقىتىپ كەپتۇ. نۇرغۇن جىگدە ۋە باشقا مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپتۇ، كېيىن ئۆزىمۇ كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپتۇ. كۆچەتلەر مېۋە بېرىپتۇ، ئاچقان يەرلىرىدە زىرائەتلەر تازا ئوخشاپتۇ. بارا-بارا تۇرسۇن پەتەكنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقانلىقتىن بۇ يەر «پەتەك مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

1958-يىلى بۇ جايلار «نۇرلۇق» گۇڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى دائىرىسىگە كىرىپ، ئۇن نەچچە ئائىلىلىك دېھقان كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ئەزەلدىن يالغۇز ئوغۇل مازىرى يېنىدا قىزىپ كېلىۋاتقان پەيشەنبە بازار گۇڭشې ئورگىنى يېنىغا يۆتكەلدى. 1984-يىلى بۇ يەر بازارنىڭ بويىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن «بازار بويى» دەپ ئاتالدى.

بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 190 ئائىلە، 946 نوپۇس، 1886 مو تېرىلغۇ يەر بار.

(بۇ كەنتنىڭ چەمكلە مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 90 ياشلىق هېيت روزى 1991-يىلى سۆزلەپ بەردى)

## خۇشئاۋات

100 يىلدىن جىقراق، 200 يىلدىن ئازراق بىر يىللىرى بىر باي كىشى بۇ جايدا 70-80 نەپەر هاشار سېلىپ ئېرىق قېزىپتۇ. هازىرقى خۇشئاۋات كەنتىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە ئېگىز قۇملۇق دۆڭگە دۇچ كەپتۇ. هاشارلار هېرىپ هالىدىن كەتكەنلىكتىن بۇ دۆڭنى يېرىشقا ماغدۇرى يەتمەپتۇ. ئاخىر بارات موللام دېگەن كىشى هاشارلار ئارىسىدىن 20 نەپەر ياشنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ بىر قويىنى كاۋاپ قىلىپ ئۇلارغا يېگۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۆزى باشلامچى بولۇپ، بۇ دۆڭنى يېرىشقا تۇتۇش قىپتۇ. بىر نەچچە كۈن قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ ئاخىر دۆڭنى يېرىپ سۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇنىڭ شەرىپىگە هېلىقى باي هارغان يىگىتلەرگە بىر كېچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ هەم:

— ئەمدى بۇ يەر ئاۋات بولىدىغان بولدى، — دەپ تەنتەنىلىك ۋارقىراپتۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەر باغۇ بوستانلىققا ئايلىنىپتۇ. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇم-بوران هەم قۇرغاقچىلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن كىشىلەر كۆچۈپ كېتىپ بۇ يەرلەر قايتىدىن چۆللىشىپ كېتىپتۇ. 1958-يىلدىن كېيىن بۇ يەرلەر «نۇرلۇق» كوممۇنانىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تەركىبىدە يېڭى يۇرتقا ئايلاندى. 1975-يىلى «شەرق شاملى» كوممۇناسىغا تەۋە بولدى. 1984-يىلى ئۇرىچى يېزىسىغا تەۋە بولدى هەم شۇ يىلى تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىشى ئۈچۈن «خۇشئاۋات» دەپ ئاتالدى.

## سېغىزلىق

ئەزەلدىن بۇيان بۇ يەر چوڭقۇر ئويمانلىق بولۇپ، كىشىلەر باشقۇرۇپ بولالمىغان سۇنى بۇ يەرگە ئاقتۇرۇۋېتىدىكەن. ئۇزاق يىللارغىچە سۇ ئۇزۇلمەي كىرىپ تۇرغانلىقتىن بۇ يەر سېغىز بىلەن تىنىپ كېتىپتۇ. 1958-يىلدىن كېيىن بۇ يەر «1-ماي» گۇڭشېنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئۇن نەچچە ئائىلىلىك دېھقان ئولتۇ-
راقلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ يەرنى كۆرۈپلا:

— ۋاي-ۋۇي، بۇ يەر خاس سېغىزلىق ئىكەنغۇ، —
دېيىشىپتۇ. ئەسلى يۇرتىغا تۇغقان يوقلاشقا چىققاندىمۇ:

— بىز ئولتۇرغان يەر ھەممىسى سېغىزلىق، —
دەپتۇ. بۇلارنىڭ تۇغقانلىرىمۇ:

— بىزنىڭ تۇغقانلار سېغىزلىقتا ماكانلىشىپتۇ، — دې-
يىشىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ نامى «سېغىزلىق» بو-
لۇپتۇ.

«شەرق شاملى» سۇ ئامبىرى

(ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى — ماۋجۇشىنىڭ «شەرق شا-
ملى غەرب شاملىنى بېسىپ كەتتى» (سوتسىيالىزم كاپىتا-
لىزمنى بېسىپ چۈشتى) دېگەن ھۆكۈمىنىڭ تەرتكىسىدە
دۆلىتىمىزدە «شەرق شاملى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش
دولقۇنى پەيدا بولدى. «شەرق شاملى» سودا سارىيى،
«شەرق شاملى» يولى، «شەرق شاملى» ئوتتۇرا مەكتە-
پى، «شەرق شاملى» گۇڭشېسى دېگەندەك نۇرغۇن
«شەرق شاملى» بارلىققا كەلدى، «شەرق شاملى» سۇ
ئامبىرىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن.)

شەرق شاملى سۇ ئامبىرى 32 يىلدىن بۇيان 30 كى-
لومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرىچى ئۆستىڭى ئارقىلىق 85 كى-
ۋادرات كىلومېتىرلىق ئۇرىچى زېمىنىغا يېشىل ھايات ئاتا
قىلدى. سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغانلارنى ئۇنتۇماسلىق
پەزىلىتىمىز بىلەن بۇ سۇ ئامبىرىنى قۇرۇشقا قاتناشقانلار-
نىڭ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىشنى
زۆرۈر تاپتىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ
ئىشلىرى نازارىتىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىلانى-
چە بۇ زور قۇرۇلۇشنى يېرىم يىلدا تاماملىغىلى بولاتتى.
شۇ يىلى كۆتۈرۈلگەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شا-
ملىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن قۇرۇلۇش ۋاقتى ئۈچ ئايغا
قىسقارتىلدى، سۇ ئامبىرى قۇرۇلىدىغان يەرنىڭ جەنۇب،
شەرق تەرەپلىرى، غەرب تەرىپىنىڭ بىر قىسمى تەبىئىي
ئېگىزلىك بولۇپ، شىمال ھەم غەرب تەرىپىنىڭ بىر قىسمى-
غا 3750 مېتىر دامبا ياسىلىشى لازىم ئىدى. 1959-يىلى
11-ئايدا بۇ سۇ ئامبىرىدىن بەھرىمەن بولىدىغان-بولماي-
دىغانلىقىغا قارىماي ناھىيە بويىچە 13 كوممۇنادىن 40
مىڭدىن ئارتۇق دېھقان سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا سەپەر-
ۋەر قىلىندى. بۇ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئەمگەكچىنىڭ
70%نى ئىگىلەيتتى. 12-ئايدا ئەمگەكچىنى تېخىمۇ كۆ-
پەيتىش ئۈچۈن قېرى، كېسەللەردىن باشقىلارنىڭ ھەممى-
سى قۇرۇلۇش ئورنىغا ئېلىپ چىقىلدى. تەشكىلىي تۈزۈم
ھەربىيلەشتۈرۈلۈپ كوممۇنا-پولك، باشقۇرۇش رايونى -
باتالىيون، چوڭ ئەترەت-روتا دەپ ئاتالدى. ئىشلار مۇ-
زاكىرە-كېڭىشىش بىلەن ئەمەس، بۇيرۇق بىلەن يۈرۈ-
شەتتى. چوڭ پولكلاردا 30 دىن، كىچىك پولكلاردا 15تىن
ئارتۇق روتا بار ئىدى. گەمە بىلەن ئىش ئورنىنىڭ ئارى-
لىقى بىر كىلومېتىرغا يېقىنراق ئىدى. جەڭچىلەر ئۈچتىن
سەپ بولۇپ روتا كوماندىرىنىڭ كەينىدە مېڭىپ ئىشقا كې-
لەتتى. پولك كوماندىرى پۇشتەك چېلىپ تۆت-بەش مىڭ
جەڭچىنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرەتتى. سەھەردە ئور-
نىدىن تۇرۇش، تاماقتىن كېيىن يىغىلىش پۇشتىكى چېلىنىپ
بەش مىنۇت ئىچىدە پولك بويىچە ھەممە جەڭچىلەر تەخ
بولۇشى كېرەك ئىدى، رويخەتكە ئۈلگۈرەلمىگەن جەڭچى-
لەرنىڭ روتا كوماندىرى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرايتتى.

بىر روتا ئادەتتە بىر كۈندە كەڭلىكى ئون مېتىر،
ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر دامبىنى 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىتىشى
لازىم ئىدى. ئىككى-ئۈچ يۈز مېتىر يىراقتىن توپىنى
يۈدۈپ كېلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ھەقىقەتەن
مۈشكۈل ئىدى. ئۇ يىللاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تە-
مىنلەش يولغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلارنىڭ
گېلى «خەلق ئاشخانىسى»غا باغلىق بولسىمۇ، سۇ ئامبى-
رى قۇرۇلۇشى ئورنىدا ئاشلىق نورمىسى خېلى يۇقىرى
ئىدى. بىراق ئەمگەك ئېغىر، كۈنىگە 15 سائەتتىن ئارتۇق
ئىشلىگەنلىكتىن قورساقنىڭ تەلىپى جىددىي ئىدى. توپىنى
كىم تېز ئۇسۇپ بەرسە، توپىنى كىم جىق يۈدىسە (بىر
قېتىم يۈدىگەن توپا 150 جىڭ كېلىشى كېرەك ئىدى)،
كىم دامبا ئۈستىگە بۇرۇن چىقسا روتا كوماندىرى (پارتىيە
ياچېيكا شۇجىسى) ئۇلارنىڭ ئاغزىغا بىر تال قەنت ياكى
بىر چىشلەم زاغرا سېلىپ قوياتتى، بۇ نەق مۇكاپات قور-
ساقتا بىردەم قۇۋۋەت بېرىپ قىزغىنلىقنى يۇقىرى كۆتۈ-
رەتتى.

قاتلاممۇقاتلام سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئىشنىڭ سۈر-
ئىتىنى ئىلگىرى سۈرەتتى، قوماندانلىق ئىشتاب ھەپتىدە
ئىككى قېتىم سېلىشتۇرۇپ باھالايتتى. ئىلغار بولغان
پولكقا راكېتانىڭ رەسىمى سىزىلغان «كۆچمە قىزىل
بايراق» تەقدىم قىلاتتى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرى شان-

شەرەپنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن تۈزۈمنى تېخىمۇ چە-
ڭىتاتتى. ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، تىراكتورلارنىڭ رەسىـ-
مى سىزىلغان بايراقلارغا ئېرىشكەن پولكنىڭ كوماندىرلى-
رى «پەرقلەرنى ئىزدەپ»، كېيىنكى قېتىملىق باھالاشتا
«راكېتا»غا ئېرىشىش ئۈچۈن غەيرەتنى تولۇقلايتتى، ئار-
قىدا قالغان پولكقا كالا ھارۋىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان
رەخت بېرىلەتتى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرلىرى جەڭچىلەرنى
«نومۇسنى شان-شەرەپكە ئايلاندۇرۇش» ئۈچۈن تېخى-
مۇ قاتتىق ئىشلەشكە قىستايتتى. پولكلار باتالىيونلارنى،
باتالىيونلار روتىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ بېسىمى
تېخىمۇ قاتتىق ئىدى. «راكېتا»غا ئېرىشىش، «كالا ھار-
ۋىسى»دىن قېچىش ھېسسىياتى ئەۋج ئېلىپ، «شىجائەت
كۆندىن-كۈنگە ئۆرلەپ» كېتەتتى. بۇنداق ئۆزىنى-
ئۆزى ئالدىرىتىش روھى بىلەن ئىش ۋاقتى كۈنسېرى ئۇ-
زىراپ كەتتى. چۈشلۈك تاماقنى ئىشلەۋېتىپ يەيدىغان،
تېرەك قوۋزىقىنى ياندۇرۇپ تەڭ كېچىگىچە ئىشلەيدىغان
كەيپىيات ئومۇملاشتى. 10 مىڭ كۋادرات مېترلىق ئىش
مەيدانىدا 55 مىڭ ئادەم چۈمۈلىلەردەك تىنىمسىز ئىشلەيتـ-
تى. چوڭ-كىچىك قىزىل بايراقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كەڭ
كەتكەن ئىش مەيدانى شاپتۇللار چېچەكلىگەن پايانسىز
باغقا ئوخشايتتى. شۇنداق جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق
ئۈچ ئايلىق پىلان بىر يېرىم ئايدا ئەمەلگە ئېشىپ، 12-
ئاينىڭ 18-كۈنى سۇ ئامبىرىنىڭ پۈتكەنلىكى جاكارلان-
دى. شۇنداق قىلىپ دامبىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتر،
ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 45 مېتر، قىرغاقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇن-
لۇقى 9850 مېتر، سۇ سىغىمچانلىقى 25 مىليون كۇب
مېتر، 50 مىڭ مو ئېتىزلىقنى ئالتە قېتىم سۇغىرىشقا بول-
دىغان «شەرق شاملى» سۇ ئامبىرى قاراقاش زېمىنىنىڭ
غەربىي جەنۇبى، تاۋىغاز كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى-
دە پەيدا بولدى.

1996-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى مەن ماڭلاي يېزىسى-
نىڭ تۆۋەن ماڭلاي كەنتىگە بېرىپ 75 ياشلىق كومپارتىيە
ئەزاسى جۇمە نىياز ئاكا بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇ مۇنداق
دېدى:

12-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى جاندىن ئۆتكۈ-
دەك قاتتىق سوغۇق بولدى. مەن توپا ئۇسۇيدىغان
يەردىن 50 قەدەمچە نېرىدا پوستتا تۇراتتىم. مەن خالاغا
بېرىش باھانىسى بىلەن بىردەم ئولتۇرۇۋالىدىغانلارنى،
ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن گەمىگە ماڭغانلارنى چەكلىشىم لازىم
ئىدى. مەن ئىش قىلماي ئۆرە تۇرغانلىقىمدىن توڭلاپ
قالغىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى
ئاچسام گەمىدە يېتىپتىمەن. ئاڭلىسام مېنىڭ يىقىلغىنىمنى
كۆرگەن كىشىلەر مېنى زەمبىلگە ئېلىپ گەمىگە ئېلىپ
كەپتۇ. قومۇش يىلتىزلىرىنى تېرىپ كېلىپ ئوت قالاپ
مېنى قاقلاپتۇ. جۇۋىلارنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ ماڭا
يېپىپتۇ. ئاغزىمغا ئىسسىق سۇ قۇيۇپتۇ. ھەر خىل چارە-
ئاماللار بىلەن تاپىنىمدىن بېلىمگىچە ئىسسىتىپ مېنى ھو-
شۇمغا كەلتۈرۈپتۇ، يىقىلغىنىمنى باشقىلار دەرھال كۆرۈپ
قالمىغان بولسا، ئۆپكە، يۈرەكلىرىممۇ مۇزلاپ ئۆلۈپ كې-
تىدىكەنمەن.

— مېنىڭ ئېرىم پالەچ ئىدى، — دەپ شۇ چاغدى-
كى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى 90 ياشلىق تۇرسۇنخان
موماي، — چوڭ ئەترىتىمىزگە تەقسىم بولغان ۋەزىپە
جىق بولغانلىقتىن قېرى-ياش، ئەر-ئايال ھەممىمىز سۇ
ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ئېلىپ چىقىلدۇق. سەھەردە پۈشتەك-
كە ئۆلگۈرەلمىسەك ئىزا-ئاھانەتكە كۆمۈلۈپ كېتەتتۇق.
شۇڭا ئاخشىمى كىيىممىزنى سالماي ياتاتتۇق. مەن كۈنبو-
يى تاغار يۈدۈپ توپا توشۇيتتۇم.

ئاقچى قوغۇن ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات،
سۇ ئامبىرى قۇرۇپ بىز،
چۆلنى قىلىمىز ئاۋات.
سۇ باشلىساق ئامبارغا،
ئاشلىق تولار تاغارغا... دېگەندەك ناخشىلارنى
توختىماي ئوقۇپ، ئىش مەيدانىنى جانلاندۇرغىنىم
ئۈچۈن ماڭا بىر زاغرىنى ئارتۇق بېرەتتى.

ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەزى ئاياللار بويىدىن ئاجراپ
كېتىپ، ئىككى-ئۈچ كۈن گەمىدە يېتىپلا يەنە قوپۇپ
ئىشقا چىقاتتى. ئەمگەككە چىدىماي ئۆيىگە قېچىپ كەت-
كەنلەرنى بىر نەچچە ئادەم قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كېلەت-
تى، ئۇنداقلارنى كېچىسى ئۇخلىماي مۇنازىرە قىلاتتۇق.
مۇنازىرە تىل-ھاقارەت بىلەن باشلىنىپ، چاچ-ساقال
تارتىپ سىلكىش، بېقىنىنى چىمدىش، مۇشتلاش ئارقىلىق
«مىڭ توۋا قىلدى» دېگۈزۈپ، قاچماقچى بولغانلارنى
قورقۇتۇش بىلەن ئاخىرلىشاتتى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پېنسيونېرى)

www.uyghurkitap.com

# كۈن چقش ئۇيغۇرلرنڭ تۇرمۇشى



**تۆشنىڭ تەبىرى**

ئەگەر كىشى ئاسماڭغا چىقىپ تۆشەسە، مەنپىيەت تولا كۆرەر، ئۇلۇق بولۇر.

روهى مەپوزنى تۆشەسە، ساهىپ دۆلەت تاپار، دۆشمەڭگە غالىپ كەلور.

ئەگەر كۆننى تۆشەسە، بۇما ساهىبى دۆلەت بولۇر، دۆشمەڭگە غالىپ بولۇر.

كۆننى تۇتۇپ ئالسا، يا كۆن قوينىغا كىرسە ، پادىشا بولۇر.

بىزنىڭ گاڭ تۆشدە كۆننى كۆردى، گاڭ ئورنىغا ئولتۇردى.

كۆننى تۇتۇلغىنىنى كۆرسە، ئۇل مەملەكەت خالقى هەلاكەتكە قالۇر.

ئەگەر ئاينى تۆش كۆرسە، كۆللى مۆشكۆللىرى ئاسان بولۇر.

ئەگەر ئاي قوينىغا كىرسە، خاق ئارىسىدا ئۇلۇق بولۇر، ساهىبى دۆلەت پەرزەنتى تاپار.

ئاينى تۇتۇلۇپ كۆرسە، ئۇل مەملەكەتتىن ئەدلى بەر تەرەپ بولۇر.

ئەگەر بويراننى تۆشەسە، ئۇل مەملەكەتكە بالا كەلۇر.

ئەگەر بويراننىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ تۆشەسە، ئۇل مەملەكەتكە ئۇلۇق بولۇر، خاق ئارىسىدا ئىززەت هۆرمەتلىك بولۇر.

ئەگەر شامال تۆشەسە، خاقۇا ئامانلىقتا بولۇر.

ئەگەر قۇيۇن تۆشەسە، خاق ئارىسىدىن غام غۇسسا بىر تەرەپ بولۇر.

ئەگەر تولى تۆشەسە، ئۇل مەملەكەتكە لەشكەر كەلۇر.

قارىيامغۇر تۆشەسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر، رىزقى هالال تاپار.

ئەگەر قار، يامغۇر، تولى، بويران هەممىسىنى بىر يولدا تۆشەسە، ئۇل مەملەكەتكە پىتنا بولۇر، بالاگە قات كەلۇر.



*بىشى ئالدىنقى ساندا

ئەگەر قار يامغۇرنى يېغىپ تۇرغىنىنى تۇشەسە، زادەر بولۇر، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

ئەگەر دەريا تۇش كۆرسە، پادىشالاردىن مەنپىيەت كۆرەر.

ئەگەر دەريادىن سۇ ئالسا، مۇرادىغا يەتەر، ئىززەت گە مەرتە بىسى زىيادە بولۇر.

ئەگەر دەريادىن سەدەپ، مەرگايىت، مەرجان تېپىپ قولىغا ئالسا، هال-خانىسىدىن قىيامەتكەچە هۆرمەت كەم بولماس.

ئەگەر دەريانىڭ سۇيى شور بولسا، ئۇل كىشى بېخىل بولۇر.

ئەگەر دەريادا غۇسلى قىلسا، گۇنايىدىن پاك بولۇر.

ئەگەر دەريادىن سۇ ئالسا، زادەر بولۇر.

ئەگەر دەريانىڭ سۇيى سۈزۈك بولسا، ئالىم بولۇر؛ ئەگەر دەريانىڭ سۇيى لاي بولسا، خاققا تەشكىش يەتكەي.

ئەگەر دەريادىن بېلىق يا مۇرغى-ئابى ئالسا، نەمەت، راهەت تاپار.

ئەگەر ئېرىقتىن سۇ ئالسا يا ئىچسە، مۇرادىغا يەتەر.

ئەگەر ئېرىق سۇيىدە تارەت ئالسا، پات تۆبە قىلماق كەرەك.

ئەگەر سۇچىلىق قىلسا، رىزقى هالال تاپار.

ئەگەر لاي سۇ بولسا، زالىم پاتىشا خىزمىتىگە نېسىپ بولۇر.

ئەگەر دەريادا غەرق بولسا، خاق ئارىسىدا مالامەتكە قالۇر.

ئەگەر سۇچىلىق قىلىپ تۇشەسە، ئىككى دۇنيا دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولۇر.

ئەگەر كۆل تۇشەسە، زەدەر بولۇر، تەگانگىر بولۇر.

ئەگەر كۆلدە غۇسلى قىلسا، خاققا ئۇلۇق بولۇر.

ئەگەر جىھۇندا غۇسلى قىلسا، ئەجىلى يېقىن يەتكەندۇر، تۆبە قىلسۇن. ئەگەر كىمە تۇشەسە، غامدىن خالاس بولۇر، زادەر بولۇر.

ئەگەر قۇدۇق تۇشەسە، غەم بىرلە زادەر بولۇر، تەگانگىر بولۇر.

ئەگەر قۇدۇقتۇن سۇ ئالسا، ئالىم پاتىشادىن مەنپىيەت كۆرۈر، غەمدىن خالاس بولۇر.

يورۇقلۇق تۇشەسە، خۇداي تەئالا پارچا مۇشكۈللاتنى ئاسان قىلۇر.

قاراڭغۇلۇق تۇشەسە، كىبرى زالالەتكە قالۇر.

ئەگەر تۇتۇننۇك ئوت بولسا، غامدىن بىغام بولۇر.

ئەگەر ئوت قالاپ تۇشەسە، خىيالىغا كەلمەگەن يەردىن مەنپىيەت كۆرەر.

ئوتنى يەسە، يېتىم هاققى نېسىپ بولۇر.

ئەگەر ئوتتا تەئام پۇشۇرۇپ تۇشەسە، نە-خوش سۆز ئېشىتۇر.

ئەگەر بىر يەرگە ئوت تۇتاشسا، ئوت مەللەگە پاتسا جىبىر كەلۇر.

ئەگەر بازارغا ئوت تۇتاشسا، بازار خالقىغا زىيان بولۇر.

ئەگەر ئۆيگە ئوت تۇتاشسا، ئۆي ئەگىسگە زىيان بولۇر.

ئەگەر چىراق مەشەل تۇشەسە، خۇش-رۇي، ساهىبى جامال روزنگار تاپار.

ئوغۇل پەرزەنت گۇجۇتقا كەلۇر. خاق ئارىسىدا ئۇلۇق بولۇر، زادەر بولۇر.

ئۆيدە يا مەللەدە چىراق، مەشەل كۆرسە، ئۆيى ئامانىيەت، مەمۇرلۇق بولۇر.

ئەگەر تاغنى تۇشەسە، مەملىكەت نەمەت تاپار، دۇشمەنگە غالىپ بولۇر.

ئەگەر تاغنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرسا، دۆلىتى زىيادە بولۇر.

تاغدىن يىقىلسا، قىلۇر ئىشىدىن ماغرۇل بولۇر.

ئەگەر تاغدىن تۇشۇپ كەلسە غەمدىن خالاس بولۇر.

باياۋاندا يۇرۇپ تۇشەسە، غامغا قالۇر.

بايابانىدىن ياقاغا چىقسا، غام مەھنەتتىن قۇتۇلۇر.

ئەگەر قەرزدار شۇنى كۆرسە، قەرزدىن خالاس بولۇر.

قۇملۇق تۇشەسە، مەنپىيەت كۆرەر.

ئەگەر قۇمنى ئۇسۇپ ئالسا، دۆلىتى بىقارار بولۇر.

ئەگەر قۇملۇقتا يۇرۇسە، غامغا قالۇر.

تاشلىق تۇشەسە، مالدار بولۇر.

تامنىڭ ئۇزىسگە چىقىپ تۇشەسە، مۇشكىللىرى ئاسان بولۇر.

ئەگەر تامدىن يىقىلسا، مالىغا، پەرزەندىگە هالال يەتكەي.

ئەگەر يېڭى ئۆي ئەتسە نەمەت، دۆلىتى زىيادە بولۇر.

تۇمۇر ئۆي ئەتسە ئەلبەتتە پادىشالىق مەرتەبىسىگە يەتەر.

ئەگەر تامدىن ئۆي ئەتسە، قىلغان ئىشىدىن ماغرۇل بولۇر.

**تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد**

M I R A S



# كۆچۈرمىكەشلىك نومۇس

مۇھەممەد ئىمىن

خەلقىمىز ئەزەلدىن ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيەسىگە
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلە-
رىگە كىچىكىدىن باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە قول ئۇزاتماس-
لىق، ئەخلاقلىق بولۇش، دۇرۇس ئادەم بولۇش توغرى-
سىدا تەربىيە قىلىدۇ. شۇڭا مىللىتىمىز ئارىسىدا يالغانچى
ۋە ساختىپەزلەرنىڭ بازىرى كاسات. بىراق نۆۋەتتە بەزى
ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنىڭ ناچارلىششىغا ئەگىشىپ، ئارى-
مىزدىمۇ ئايرىم «ئەقلىگە نەپسى مىنگەن ھاماقەت»①
لەرنىڭ يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرى باش كۆتۈ-
رۈپ قالدى. بەزىلەر بۇنداق ئەھۋاللار چىلىققاندا ئۇنىڭغا
سۈكۈت قىلىدىغان بولۇۋالدى. يامانلىقنى توسۇماي
سۈكۈت قىلىش بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئەۋج
ئېلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى
ئەخلاقسىزلار بۇ قىلمىشلارنى ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ
سادىر قىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز- ئابرۇيى-
مىزنى يەرگە ئۇردى. بۇنىڭغا ئېچىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە،
بۇنداق ناچار قىلمىش ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ سادىر
بولدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2009- يىللىق 6- سانىدا
ئەلىجان ئوبۇل خەنجەر ئەپەندى ئىنتايىن سەۋىيەلىك بىر
ماقالە ئېلان قىلىپ «كېسەل» ناملىق ھېكايىنىڭ چېخوف-
نىڭ ھېكايىسىدىن ئەپلەپ- سەپلەپ كۆچۈرۈلگەنلىكىنى
پاش قىلدى. بۇ ماقالىنى كۆرۈپ قايىللىق بىلدۈرۈپ
يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆز ئەسەرلىرىمنىڭمۇ ئىنتايىن ئۇستى-
لىق بىلەن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. «مىراس»
ژۇرنىلىنىڭ 2010- يىللىق 1- سانىدا «مەسەللەر» دېگەن
ماۋزۇ ئاستىدا تۆت مەسەل ئېلان قىلىنىپتۇ. ئوقۇپ
باقسام بۇنىڭ ئىچىدىكى «تۈلكە بىلەن قاپقان» ۋە «چى-
رايلىق ئالتۇن بېلىق» ناملىق ئىككى مەسەل مېنىڭ مە-
سەللىرىم ئىكەن. بۇ ئىككى مەسەلنى مەن «ئاقسۇ ئەدەبى-
ياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983- يىللىق 4- سانىدا ئېلان قىلغان
ئىدىم، «تۈلكە بىلەن قاپقان» ناملىق مەسەلىم يەنە
شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984-
يىلى نەشر قىلىنغان «قارىغاي بىلەن تىيىن» ناملىق مە-
سەللەر توپلىمىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن ئىدى. بۇ مەسەلىم بۇ-
رۇنمۇ بىر قېتىم ئوغرىلىنىپ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزى-
تى»نىڭ 1996- يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى «تەڭرىتاغ
گۈلزارى» بېتىدە ئىمىن ھاشىم ئىسىملىك بىر «ئاپتور»
نامىدا ئېلان قىلىنغاندا، مەن «باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە قول

① بۇ مىسرا مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «يۇيغۇاتەيگە زىيارەت» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى.

سوزۇش — نومۇس» دېگەن ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە يېزىپ، بۇ قىلمىشنى پاش قىلغان ئىدىم. تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارمۇ گېزىتنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن بۇنداق كۆچۈرمىكەشلىكتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسا كېرەك، ماقالەمنىڭ ماۋزۇسىنى «سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭكى!» دېگەن ماۋزۇغا ئۆزگەرتىپ ئېلان قىلدى. ئەمدىلىكتە مەنسۇرجان تۇرسۇن ئەپەندى بۇ مەسەلىمنى ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلاپتۇ. تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك مەسەلىمگە يەنە «چىرايلىق ئالتۇن بېلىق» دېگەن مەسەلىمنى قوشۇپ ئوغرىلاپتۇ. ئادەمنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئاتالمىش «ئاپتور» بۇ ئىككى مەسەلىمنى كۆچۈرگەندە «ئەپلەپ - سەپلەپ» كۆچۈرۈش، يەنى ئاز - تولا ئۆزگەرتىپ كۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىمۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك دېدىمۇ، بىرەر چېكىت - پەشنىمۇ ئۇيان - بۇيان قىلماي ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. ئالدىغا يېيىۋالغان كىتاب - ژۇرنالدىن بىر - بىرلەپ كۆچۈرۈۋېتىپ، «تەييارغا ھەييار» بولۇۋېتىپمۇ ئاپتورنىڭ كىم ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان ئەسەرنى قىلچە تەپتارتمايلا (ياكى قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ) «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» تەۋەلىكىگە زورلاپ كىرگۈزۈپ، ئۆزىنى «توپلىغۇچى» دەۋاپتۇ. مەنسۇرجان تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ كۆچۈرمىكەشلىك قىلمىشىنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇشۇنداق «ئەپچىل چارە»نى ئويلاپ تاپقان چېغى... بۇنى كۆچۈرمىكەشلىك تارىخىدىكى «يېڭى ئىجادىيەت» ياكى «بىر يېڭى رېكورت» دېيىشكە بولىدۇ.

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە جاپالىق خىزمەت. بىراق مەنسۇرجان تۇرسۇن ئەپەندى «ئىجاد قىلغان» بۇنداق «توپلاش» ئۇسۇلى ھەقىقىي قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە قىلىنغان ھاقارەتتۇر!

ئەمدى بۇ ئىككى مەسەلىمنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن ئاتالمىش «توپلىغۇچى» مەنسۇرجان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 1 - سانىدا «توپلىغۇچى» دېگەن نام بىلەن كۆچۈرۈپ ئېلان قىلغان نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغان مەسەلىمنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى:

## تۈلكە بىلەن قاپقان

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئاداۋەت يوق تۇرسا، — دېدى قاپقانغا دەسسەپ سالغان تۈلكە زارلىنىپ، — نېمە ئۈچۈن پۇتۇمنى قىسىۋالىسەن؟ مەن ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟

— بۇنى مېنى قۇرغان ئىگەمدىن سورا، — دېدى قاپقان تۈلكىنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ، — ئېھتىمال ئۇنىڭ تۈلكە ياقىلىق جۇۋا كەيگۈسى كېلىپ قالغاندۇ ياكى سېنىڭ توخۇ ئوغرىلىغانلىقىڭنى بىلىپ قېلىپ، ئەدىپىڭنى بېرىپ قوياي دېگەندۇ؟ ئىشقىلىپ، بۇنىڭ سەۋەبى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزۈڭگە ئايانغۇ دەيمەن.

تۈلكە لام - جىم دېيەلمەي ئېغىر خورسىنىپ قويدى - دە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

يۇقىرىقى مەسەلىمنىڭ كۆچۈرۈلگىنى:

## تۈلكە بىلەن قاپقان

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئاداۋەت يوق تۇرسا، — دېدى قاپقانغا دەسسەپ سالغان تۈلكە زارلىنىپ، — نېمە ئۈچۈن پۇتۇمنى قىسىۋالىسەن؟ مەن ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟

— بۇنى مېنى قۇرغان ئىگەمدىن سورا، — دېدى قاپقان تۈلكىنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ، — ئىگەمنىڭ تۈلكە ياقىلىق جۇۋا كەيگۈسى كېلىپ قالغاندۇ ياكى سېنىڭ توخۇ ئوغرىلىغانلىقىڭنى بىلىپ قېلىپ، ئەدىپىڭنى بېرىپ قوياي دېگەندۇ؟ ئىشقىلىپ بۇنىڭ سەۋەبى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزۈڭگە ئايانغۇ دەيمەن.

تۈلكە لام - جىم دېيەلمەي ئېغىر خورسىنىپ قويدى - دە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئەمدى تۆۋەندە يەنە بىر مەسەلنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

مېنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلغان مەسەلىمنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى:

## چىرايلىق ئالتۇن بېلىق

ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زەر پوستى، شەپەقتەك رەڭدار كەلگەن ياپما

قۇيرۇقى بىلەن ماختىنىدىغان ئالتۇن بېلىق بۇگۈنمۇ تەڭتۇشلىرى ئالدىدا چىرايلىقلىقىنى بىر پەس كۆز - كۆز قىلغاندىن كېيىن سۇپسۇزۇك سۇ بېتىگە چىقتى - دە، ئۇياندىن - بۇيانغا نازلىنىپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ، كۆل بويىدا ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ: «پاھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق بېلىقكىنا بۇ!» دېيىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى - دە، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، گاھ گىرۋەككە يېقىن كېلىپ پىلتىڭلاپ، ھەرخىل قىلىق چىقارغىلى تۇردى. سۇ يۈزىدە چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا كۆركەم تاۋلىنىپ بالىلارنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش كويىدا بولۇپ كەتكەن ئالتۇن بېلىق تۇيۇقسىز تاشلانغان توردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا سۇدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

— ئاھ ئېست! — دېدى ئۇ توردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆكۈنگەن ھالدا، — شۇنچە ئېشەنگەن گۈزەل جامالىمنىڭ ئاخىرىدا ئۆز بېشىمغا چىقىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟!

يۇقىرىقى مەسىلىنىڭ كۆچۈرۈلگىنى:

## چىرايلىق ئالتۇن بېلىق

ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زەر پوستى، شەپەقتەك رەڭدار كەلگەن يايما قۇيرۇقى بىلەن ماختىنىدىغان ئالتۇن بېلىق بۈگۈنمۇ تەڭتۇشلىرى ئالدىدا چىرايلىقلىقىنى بىر پەس كۆز - كۆز قىلغاندىن كېيىن سۇپسۇزۇك سۇ بېتىگە چىقتى - دە، ئۇياندىن - بۇيانغا نازلىنىپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ كۆل بويىدا ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ: «پاھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق بېلىقكىنا بۇ!» دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، گاھ گىرۋەككە يېقىن كېلىپ پىلتىڭلاپ، ھەر خىل قىلىق چىقارغىلى تۇردى. سۇ يۈزىدە چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا كۆركەم تاۋلىنىپ بالىلارنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش كويىدا بولۇپ كەتكەن ئالتۇن بېلىق تۇيۇقسىز تاشلانغان توردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا سۇدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

— ئاھ ئېسىت! — دېدى ئۇ توردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆكۈنگەن ھالدا، — شۇنچە ئىشەنگەن گۈزەل جامالىمنىڭ ئاخىرىدا ئۆز بېشىمغا چىقىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟!

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنسۇرجان تۇرسۇن ئەپەندى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغان ئىككى مەسىلىمنى سۆزمۇ سۆز، قۇرمۇ قۇر پېتى ئەينەن كۆچۈرۈپلا قويغان، خالاس!

ئۈزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، كۆچۈرمىكەشلىك ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوغرىلىقتۇر! ئوغرىلىق دۇنيادىكى ئەڭ نومۇس ئىشتۇر! كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى يالغۇز كۆچۈرمىكەشنىڭ ئۆزى بىلەنلا كەتمەيدۇ. «مىراس» ژۇرنىلىدەك ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرى بار، ئابرۇيلۇق، نوپۇزلۇق ژۇرنالدا كۆچۈرۈۋېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇشماسلىق سەۋەبىدىن ئېلان قىلىنىپ كېتىشى ژۇرنالنىڭ نوپۇزىغا ۋە ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا كۆچۈرمىكەش ئەپەندىلەر ئۆزىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ئويلاشمىغان تەقدىردىمۇ ژۇرنالنىڭ ئامما ئارىسىدىكى يۇقىرى ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ئادەم دېگەندە ھېچبولمىسا ئەقەللىي ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئار - نومۇسنى ئاز - تولا بىلىدىغان پەزىلەت بولۇشى كېرەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يەنىلا سەممىي، راستچىل ۋە ھالال بولغىنى تۈزۈك. يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، كۆچۈرمىكەشلىك ۋە كۆز بويامچىلىقتەك يامان قىلمىشلار جانغا ئەسقاتمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ماكان، ھەرقانداق زاماندا پەقەت لەنەت - نەپرەتكىلا ئۇچرايدۇ. كۆچۈرمىكەشلىك بىلەن نام - شۆھرەت قازىنىمەن دېيىش خۇددى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەكلا بىر ئىش! شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشى، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئارتۇقچە زورۇقۇپ كەتمەي، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈشى، نام - شۆھرەت قوغلىشىپ، يامان ئىللەت پاتقىقىغا ئالدىراپ ئۆزىنى ئاتماسلىقى كېرەك. بولمىسا ھەممە ئىش ئۆز ئارزۇسىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ، ئۆزىدە قىلچە يېزىقچىلىق تالانتى بولمىغانلار ھەرقانچە كۈچىسىمۇ ياخشى ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، بەزىلەر بۇنىڭغا تەن بەرمەي، تەۋەككۇل قىلىپ كۆچۈرمىكەشلىك كوچىسىغا كىرىپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق كىشىلەرنىڭ بالدۇرراق ئۆزىنى بىلىپ، قولىدىن كېلىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنى ئاقىلانىلىكتۇر.

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

باشقا ھەرىكەت جەھەتتىن تىزگىنلەنگەن، مەنئىي قىلىنغان قىلمىشلارنى يەنى ھەرىكەتتىكى قارشىلىق، ھەزەر ئەيلەش، چەكلەش، توختىتىش قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل تىزگىنلەنگەن ۋە مەنئىي قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ تاشقى ھالىتىدە ھېچقانداق ئىپادىلىنىش بولمايدۇ. شۇڭا پەرھىز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەممىسى ھەرىكەتسىز ئىپادىلىنىدىغان ساپ پسىخىك ئۆرپ-ئادەت ھالىتىدۇر.

ئادەتتە كىشىلەر يامان، كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايدۇ ياكى ئامال قىلىپ پەرھىز تۇتۇپ مۇداپىئەلىنىدۇ. يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلىگەندە مەلۇم بالا-قازاغا دۇچار بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى پەرھىز ھەرىكەتسىز ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، پەرھىز دائىم شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. پەھىزنىڭ بۇنداق پسىخكلىق



# بوسۇغا ۋە بوسۇغىغا ئائىت پەرھىز — ئادەتلەر

**روزىخان ئىسلام**



پەرھىز — ئىنسانلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي روھىي ھالەتلىرى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى مۇجەسسەملەپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ۋە دەۋرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك يۆنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مەيلى قەدىمكى دەۋرلەردىكى مۇقەددەس، ناپاك نەرسىلەر ھەققىدىكى قاراشلار ياكى توتېمغا چوقۇنۇش، تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئاتا-بوۋىلارغا، روھ-ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان ۋەھىمە ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياخشىلىق - يامانلىق، بالا-قازا، بەخت-ئامەت ئېلىپ كەلگەن تەشۋىش ئېڭى بولسۇن، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىلىدىكى «پەرھىز»نى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پەرھىز پەقەت ئىنسان روھىدىكى مەلۇم ئىنكاس جەريانى، مەلۇم ۋەقە ۋە تەشۋىش كېلىپ چىقىدىغان ئۈمىد ھەم ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش ھالىتى ۋە تەلپى بولغاچقا، بۇ خىل ھالەت ۋە تەلەپ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر يەتكۈزگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



رولى مەيلى يىراق قەدىمكى زاماندا بولسۇن ياكى بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە بولسۇن ئۆزىگە خاس روللارنى ئويناپ كەلدى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئولتۇراق ئۆي بېزەكچىلىكى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەتنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بوسۇغا دەل ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا بولۇپمۇ ئىشىكنىڭ يېپىلىپ- ئېچىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان قۇرۇلمىدۇر. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىشىككە بوسۇغا ئىشلىتىش يوق دېيەرلىك ھالەتنى شەكىللەندۈردى، ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىككە بوسۇغا قويۇش ئادىتىمىزنى بۇنىڭلىق بىلەن تاشلىۋەتسەك ياكى زاماننىڭ ئارقىسىدا قالدى دەپ ئۇنىڭ رولىدىن پايدىلانمىساق قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ تاھازىرغىچە كەلگەندە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىپ بەزىلىرى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ كەتتى. يەنە بىر قىسمىلىرى دەل مەن باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك تاشلىنىپ قالماقتا. بوسۇغا دەل بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. شۇڭا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە بىر قىسىم پەرھىزلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تۇرمۇشىدا، بولۇپمۇ ئائىلە ئولتۇراق تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بوسۇغا ۋە بوسۇغىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە پەرھىزلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

### 1. بوسۇغىنىڭ ياسىلىشى، مەنىسى

بوسۇغا ئۆي ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل قۇرۇلما. بۇنىڭ ياسىلىش شەكلىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەمەسلىكىنى بايقايسىز، ئەمما ئىشلىتىش جەريانىغا قارايدىغان بولساق بوسۇغىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى رولى ناھايىتى چوڭدۇر. بوسۇغا ئادەتتە ئىشىك قانچىلىك چوڭلۇقتا ياسالسا ئىشىكنىڭ كەڭلىكى دەل بوسۇغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھېسابلىنىدۇ. بوسۇغىنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە بەش سانتىمېتىردىن، ئون سانتىمېتىرغىچە ياكى شۇ ئىشىكنى ياساتقان ئادەمنىڭ بوسۇغىنى قادچىلىك ئەتتۇرۇشىغا باغلىق. ھازىر بوسۇغا ئەتتۇرىدىغان بۇ خىل ئادەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر قەدەر ئازلاپ قالغان بولسىمۇ ئەمما ھەرقانداق ئادەم يېڭىدىن ئۆي سالغان ۋاقىتتا ئۆي مەجبۇرىي ياكى خالىغان (بۇنداق دېسەم بوسۇغا ياساشمۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارلىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ھازىر ھەممە نەرسە زاماننىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولۇۋاتىدۇ. بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ بوسۇغا ياساشتىن باشقا ھەرقانداق ئۆرپ - ئادىتىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك) ھالدا بوسۇغىنى ياسايدۇ ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك ۋە باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا بوسۇغىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى شامان ئېتىقادچىلىقىغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ. ئەمما تەتقىقاتچىلار بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ بوسۇغىغا ئائىت مۇكەممەل بىر يىلنامىنى ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ باققىنى يوق. بۇ بىزنىڭ بوسۇغا تارىخىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

بوسۇغا سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئىشلىتىش دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بولسۇن ۋە ياكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بولسۇن ھەممىسى بىردەك چېدىر، ئۆي ئىشىكىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ئىشىك ئاستىغا بوسۇغا قويىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىنى مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە شەھەر خارابىلىرىدىن ئۆيگە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارىدا بوسۇغا ياغاچلىرىمۇ تېپىلدى ①. ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادەتلىرىدە «بوسۇغا» سۆزى كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرگە ئىگە: 1) ئىشىك، دەرۋازا، كېشەكلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان توغرا ياغاچ ياكى خىش، تاش، سېمونت قاتارلىقلاردىن قىلىنغان توسۇق؛ 2) كۆچمە: ئۆي، قورۇ- ئارامگاھ دېگەن مەنىدە؛ 3) يېزا- قىشلاقتا كىرىشتىكى جاي؛ 4) بىرەر نەرسە ۋە ئىش ھەرىكەتنىڭ ياكى ھادىسىنىڭ باشلىنىشى يېقىن بولغان پەيت كىرىش قىسمى؛ 5) يېزا- قىشلاققا كىرىشتىكى جاي، ئۆستەڭ- ئېرىقلاردىكى ئازمىنىڭ تاختاي بىلەن سۇ توسقاندا تاختايغا ھەملىشىپ تۇرىدىغان ياغاچ ياكى

سېمونتتىن ياسالغان تاپان قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە②.

ئۇلۇغ ئەدىب، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «بوسۇغا» دېگەن سۆزنى ئۆزىنىڭ بۈيۈك كىتابى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق شەرھلىگەن: باستۇرۇق ماقالىدە مۇنداق كەلگەن. يەر باستۇرۇقى تاغ، بۇدۇن باستۇرقى بەگ يەنى يەر باستۇرۇقى تاغ، خەلق باستۇرۇقى بەگ دەپ ئىزاھلانغان ھەم يەر تاغلار بىلەن خەلق بەگلەر بىلەن تىنچ تۇرىدۇ. چۈنكى خەلقنى بەگلەر يولغا سالىدۇ، دەپ قەيت قىلغان③. بۇنىڭدىن مەلۇمكى «باستۇرۇق- باستۇرىدىغان نەرسە» دېگەن مەنىدە بولۇپ ئىشكىنىڭ يەرنى باستۇرىدىغان يېرى دەل بوسۇغىدۇر. تۇرپان ۋە قومۇل شىۋىلىرىدە «بوسۇغا» سۆزى «باستۇرۇق»قا تېخىمۇ يېقىن ھالدا «بۇسۇق» دېيىلىدۇ.

## 2. بوسۇغىغا ئائىت تۇراقلىق بىرىكمىلەر

قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغا ئىشلىتىش ئادىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ بوسۇغىغا ئائىت نۇرغۇن پەرھىز ئادەتلەر شەكىللەندى ۋە بۇ پەرھىز ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، بالا تەربىيەلىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. بەزى ئاتا-ئانىلار بۇ پەرھىز ئادەتكە بەك چەك قويۇۋېلىپ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھالەتكە يېتىپ باردى. بۇ خىل سۆز ۋە پەرھىز- ئادەتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك بوسۇغىغا ئائىت نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ، بىرىكمىلەرنىڭ، ئىدىيوم، ئادەم ئىسىملىرىنىڭ، يەر - جاي ناملىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن:

بوسۇغۇسىنى ئېگىزلەتمەك: بارغانسېرى ھاكاۋۇرلاشماق.

بوسۇغا داۋان: بۆسۈپ ئۆتىدىغان ئۆتكەل.

بىر پۇتى بوسۇغا ئىچىدە، بىر پۇتى بوسۇغا تېشىدا: ئالا كۆڭۈل، ۋىجدانسىز، ۋاپاسىز ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

بوسۇغا داۋىنى ئېگىز: ئۆيدىن چىقماق تەس، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماق.

بوسۇغىسى ئېگىز: ھالى چوڭ.

بوسۇغىسىنى تېشۋەتمەك: ئۆيىگە تولا كەلمەك.

بوسۇغىسىنى توپا باسماق: ئۆيىگە باشقىلارنىڭ كىرمەسلىكى.

بوسۇغىسىغا ئاياغ باسماسلىق: ئۆيىگە كىرمەسلىك.

بوسۇغىسىغا يولاتماسلىق: ئۆيىگە كىرگۈزمەسلىك.

بوسۇغىسىغا كېلىپ قالماق: يېقىنلىشىپ قالماق.

بوسۇغىسىغا دەسسىمەك: بىرەرىنىڭ ئۆيىگە كىرمەك.

بوسۇغىسىغا پۇتىنى ئالماق: ئۆيىگە كەلمەك.

بوسۇغىسىدىن ئاتلىماق: ئۆيىگە كىرمەك ④.

قاتارلىق نۇرغۇن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان بوسۇغىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بوسۇغا ئىشىكنىڭ ناھايىتى مۇھىم قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «بوسۇغا، بوسۇق، بوساق» نامى بىلەن ئاتالغان كىشى ئىسىملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ (لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى قارا قوشۇنلۇقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتتە يول باشلىغۇچىنىڭ بىرىدۇر)، بوسۇغىخان (ئايالنىڭ ئىسمى)، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن «دىۋانى نىياز»نىڭ ئاپتورى موللا بوساق نىيازىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتاقلىق يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» رومانىدىكى قارا بوسۇق، شائىر ژۇرنالىست نۇرمۇھەممەد بوساقوپ، «چىن مودەن» دىرامىسىدىكى چىن مودەننىڭ دادىسى تۆمۈر بوسۇق⑤ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆز تەگمەسلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش، پەرزەنتلىرىنىڭ كەمتەر، چىدامچان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەقسىتىدە قويۇلغان بوسۇغا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشى ئىسىملىرى، ئىسىم قويۇش ئادىتىدە بوسۇغىنىڭ ئۇچرىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي كۆز قاراش، ئېتىقاد ئەنئەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقىلار ئىچىدە تىلغا ئېلىنمىغان، خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلانغان بوسۇغا بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىسىملار بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

## 3. بوسۇغا، دىن

ئۇيغۇرلار قەدىمي تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى دەۋرىدە ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن ئاسمان جىسىملىرىغا، ھايۋانات، ئۇچار-قۇشلار، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، زېمىنغا، سۇغا ئېتىقاد قىلغان ھەم تۇتېم قىلغان، مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغا بىلەن باغلىنىشلىق بىر قاتار پەرھىز - ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن تارتىپ ھەرخىل كېسەللىكلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





قارىتا مىزاج، خىلىت بويىچە ئۈسۈملۈك، ھايۋانات مەدەنـ
لىرىدىن (بايلىق) پايدىلىنىپ تۇرۇپ ماددىي جەھەتتىن
داۋالاش بىلەن بىرگە ھەرخىل سېھىرگەرلىك ئۇسۇللىرى
بىلەنمۇ داۋالاش ئېلىپ بارغان. چۈنكى ئۇيغۇرلاردا كېـ
سەللىك ھەرخىل جىن- ئالۋاستى، يامان روھلارنىڭ چاپلىـ
شىۋېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ، دەيدىغان قاراش
بار بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاشتا شامان (قامان)
ئاساسلىق رول ئوينىغان. تەتقىقاتچىلار بۇ جەھەتتە شامانـ
لارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى، داۋالايدىغان كېسەللىكلىرى
ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. يەنى شامانلار كېسەل
داۋالىغاندا بوسۇغا دەل كېسەللىكنى داۋالايدىغان بىردىنـ
بىر رېتسېپ بولۇپ قالغان. يەنە بۇ يەردىكى داۋالاش
ئورنى قىلىنغان بوسۇغا ئەسلىي پېرىخون شامانلارنىڭ
قانداقتۇر سېھرىي كۈچكە ئىگە قامچا ياكى تاياق بولۇش
ئېھتىمالىغا يېقىن. چۈنكى بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىدا
كىچىك بالىنى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن تاياق - قامچىـ
لاردا ئۇلتۇرغۇزۇلغان، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زامانـ
لارنىڭ سېھىرلىك تاياق، قامچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆي
بوسۇغىسى ئالغان بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور⑥.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە
ئىسىم بىلەن پەرزەنتنىڭ تەقدىرى زىچ باغلىنىشلىق دەپ
قارايتتى. شۇنداق بولغاچقا ئىسىم قويۇش مۇراسىمىدا
بوۋاق بالىسىنى ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ، كىگىز بىلەن
يۆگەپ بوسۇغا ئاستىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئۆتكۈزۈش ئار-
قىلىق ئۆمۈر تىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا كىچىك باللارنىڭ
بويۇن تومۇرى (بويۇن ئارتېرىيە چوڭ تومۇرى) ئىششىپ
قالسا بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشتا يات دىنغا ئىشىنىدىغان
كىشى توقماق بىلەن ئۇرغان ياكى شۇنداق كىشىلەردىن
ئۇدۇم ئالغان ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، بالىنى بوسۇغىغا
ئولتۇرغۇزۇپ ئىششىغان ئورۇننى ئىشىك بوسۇغىسىغا
ئۇدۇل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇدۇملۇق كىشى (مۇشۇ خىل ئاـ
دەتنى باشقىلاردىن ئۆلگە ئېلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن
ئادەمنى كۆرسىتىدۇ) پۇتىنى بوسۇغىغا سۈركەپ ئاندىن
پۇتىنى بالىنىڭ ئىششىغان يېرىگە ئۈچ قېتىم تەگكۈزۈپ
قويسا ئىششىق يېنىپ بالا ساقىيىپ كېتىدۇ، دەيدىغان ئاـ
دەتمۇ بار⑦. بۇ خىل ئادەتنىڭ ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا
بار - يوقلۇقى ئىزدىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

ئەگەر باللارنىڭ جاۋغىيى ئاغرىپ قالسا بالىنى
سەھەر تۇرغۇزۇپ باشقىلار ئىشىك بوسۇغىسىدىن ئاتلىمـ
غان ۋاقىتتا، بالىنى بوسۇغىدا ئولتۇرغۇزۇپ چاپاننىڭ پېـ
شىنى بالىنىڭ جاۋغىيىغا تەگكۈزۈپ قويسا بالىنىڭ كېسىلى
ساقىيىدۇ دەيدىغان ئادەتمۇ بار.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە تەقۋادار ئاـ
دەملەر مەسچىت قاتارلىق مۇقەددەس يەرلەرگە ياكى بىـ
راۋنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۆيىدىن چىققاندا «بىسمىللا»
نى تىلغا ئېلىپ بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ ماڭىدۇ.
بۇنداق قىلغاندا ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ئامەت كېلىـ
دۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بىرسى توي قىلغان كېلىنچەك
ئەرنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ۋاقىتتا ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغىـ
دىن ئاتلاپ كىرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئاشۇ توي قىلغان
ئىككى ياشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق
بولۇشى، تېخىمۇ كۆپ ئامەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى
ھەمدە بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆمۈربويى بەختلىك بولۇشنى، بېـ
شىنىڭ باش، ئايىغىنىڭ تاش بولۇشنى بىلدۈرىدۇ⑧. بۇ
نۇقتا كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولغان
ئۇلۇغ ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»
ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى
«ئىشىكتىن كىرۇردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن، ئەمىر قىلسا
ئاڭلا پاراسەت بىلەن» دەپ قەيت قىلىنغان⑨. بۇنىڭدىن
باشقا ئىشقى سېھىرگەرلىك قاتارلىق سېھىرگەرلىكتە
ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىر قىلغۇچى ئوقۇلغان نەرسىنى
(قونچاق، مىخ، تارغاق...) ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا
مەخپىي ھالدا كۆمۈپ قويىدىغان ئادەت بار. سېھىرگەر-
لىكتە سېھرىي ئەپسۇن ئوقۇلغان نەرسىلەرنى بوسۇغا ئاسـ
تىغا كۆمۈش بولسا سېھىرگەرلىكتىكى «ئۇچرىشىش قانۇنىـ
يىتى» يەنى سېھىرلەنگۈچى بىلەن سېھرىي ئەپسۇن ئوقۇلـ
غان نەرسە قانچە كۆپ ئۇچراشسا شۇنچە تېز ئۆتۈپ
سېھرىي جادۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. سەۋەبى
ئادەم كۈندە نۇرغۇن قېتىم ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلايـ
دۇ. ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولىدۇ⑩.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قىزلارنىڭ چېچى چېچەكـ
لەپ قالغان بولسا (چېچىنىڭ ئۇچى سارغىيىپ قالغان
بولسا) ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى تالاش ئاي
(ئىسلام كالېندارى بويىچە 5- ئاي) دا چېچىنى بوسۇغىغا
قويۇپ كېسىش ئادىتى بار. بۇنداق قىلغاندا چېچى كېلەر
يىلى تالاش ئايغىچە قارا، توم بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ

ئادەت شۇ ئۆيدە ئوغۇل بولغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى چاچنى كېسىدىغان ئادەم چوقۇم ئوغۇل بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيە ۋە يېزا، كەنتلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆز تەگمەسلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش، پەرزەنتلىرىنىڭ كەمتەر، چىدامچان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەقسىتىدە قويۇلغان ئىسىم قويۇش ئادىتى، سېھرىي ئەپسۇن، كېسەل داۋالاش قاتارلىق ئادەتلىرىنىڭ بوسۇغا بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كۆز قاراشلىرى، ئېتىقاد ئەنئەنىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**4. بوسۇغىغا ئائىت بالىلار ئويۇنى، پەرھىز-ئادەتلەر**

ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىدىمۇ بوسۇغىغا ئائىت بىر قاتار ئادەتلەر شەكىللەنگەن، بۇ ئادەتلەر ئاساسلىق ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى چاچ كېسىش ئويۇنىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ئويۇننى ئويناشتا قىزلار يامغۇر يېغىشقا باشلىغان ھامان چاچلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تارقاق، سۇزگۈچ سېلىپ تاراپ ئالدىن ئاز-تولا تەييارلىق كۆرۈۋالىدۇ ئاندىن مەھەللىنى بىرلىك قىلىپ مەلۇم بىر قىزنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىدۇ-دە، يامغۇرنىڭ توختىتىشىنى، ھېچبولمىغاندا بىر ئاز پەسلىشىنى كۈتكەچ «ياغاچ ئايپالتا» ياسايدۇ (بالىلار بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئويناش پىلانلانغان بولسا شۇنچە ئايپالتا تەييارلىنىدۇ)، ئۆزلىرى خالىغانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن ئويۇن كۆرسىتىش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ. ئويۇن باشلاش نۆۋىتىنى ئالغان قىز ئوڭ قولىدا «ئايپالتا»نى، سول قولىدا تال-تال ئىككى سانتىمېتىر ياكى بىر جۈپ ئۈزۈلگەن چېچىنىڭ ئۇچىدىن بىر-ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىغان قىسمىنى تۇتۇپ بوسۇغىغا ئېڭىشىدۇ، ئويۇن كۆرىدىغان باشقا قىزلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ بىر مۇقەددەس دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقاندەك تەرزدە دىققىتىنى يىغىپ جىمجىت تۇرىدۇ. ئويۇن كۆرسىتىدىغان قىز ئۆزىگە ئوڭ كەلگەن تەرەپنى ئاساس قىلغان ھالدا چېچىنى بوسۇغىغا ئوڭ-سول ياندىن قويۇپ كۆڭلىدە «چېچىم تېز ئۆسسۇن، كۆپ بولسۇن، توم بولسۇن، قارا، تال-تال بولسۇن» دەپ كەسكەندەك شەكىل پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە شۇ كۈنى ئويۇنغا قاتناشقان قىزلار تەرىپىدىن تەكرارلىنىدۇ. ھەممىسى بىر قېتىم كېسىپ بولغاندىن كېيىن كېسىلگەن «چاچ»لىرىنى ھويلا-باغلاردىكى گۈللەرنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ ئۆزئارا چېچىم ئۇزۇن، كۆپ، تال-تال بولسۇن، توم بولسۇن دەپ تەكرارلىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تىرناقنى بوسۇغىنىڭ ئاستىغا كۆمۈش ئادىتى بار⑪. بۇ ئادەتنىڭ خەلق ئىشەنچلىرىدىكى ئاساسى بولسا «ئاخىرقى زامان بولغاندا دەججال نائايىتى مۇڭلۇق نەغمە-ناۋا قىلىپ كېلىدۇ. بۇ نەغمە-ناۋالارنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ چۆللەردە ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كىمكى تىرنىقىنى ئېلىپ بوسۇغىنىڭ ئاستىغا كۆمسە، دەججال نەغمە-ناۋا قىلىپ كەلگەندە، بۇ تىرناقلار تىكەن بولۇپ ئۆسۈپ چىقىدۇ ھەم ئىشكنى توسۇپ شۇ كىشىنىڭ دەججال تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ كېتىشىنى ساقلايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز - ئادەتلىرىدە بوسۇغىنى دەسسەپ تۇرۇشقا، بوسۇغىدا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەيدىغان پەرھىز - ئادىتى بولۇپ، بوسۇغىدا ئولتۇرسا، ياكى بوسۇغىنى دەسسەپ تۇرسا ئۆينىڭ چوڭلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ياكى بېشىغا بالا-قازا يېتىپ كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل پەرھىز - ئادەت بوسۇغىنى دەسسەپ تۇرۇۋالغاندا ياكى بوسۇغىدا ئولتۇرغاندا ئۆيگە باشقىلارنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن دەپ قارىلىدۇ. بۇنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلغاندا، بۇ پەرھىز ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇيغۇرلار مېھمان كۈتۈۋېلىشنى خۇشاللىق، بەخت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ بىلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. ئۆيگە باشلاشتا ئالدىن ئىشىك ئېچىپ ئۆيگە باشلايدۇ. مېھماننىڭ ئالدىنى توسۇشلا ئەمەس، مېھماننىڭ ئالدىدا ئۆيگە كىرىۋېلىشمۇ قاتتىق ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ، دېگەن قارارى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆيگە ئەل يۇرتنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، يامان ئاتلىق كىشىلەر كىرىپ - چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بوسۇغىنى يۇيىدىغان ئادەت بار. يەنە بەزى ئاياللار ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە ياكى جۈمە كۈنلىرى ھېيت-ئايەم، روزا-رامىزانلاردا بوسۇغىنى يۇيىدۇ. يەنە بەزى

جايلاردا ئاياللار بوۋاقلىرى يىغلاپ كېچىسى ئۇخلىمىسا كۆز تېگىپتۇ دەپ قاراپ ئۆيىنى پاكىز تازىلاپ بوسۇغىنى يۇيىدۇ، ھەم بوسۇغا پاكىز تۇرسا پەرىشتىلەر خۇشال ھالدا ئالدى بىلەن شۇ ئۆيگە كىرىدۇ، ھەم تۆرلۈك بالا-قازا، مەينەتچىلىكتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بوسۇغىغا ئائىت پەرھىزلەردىن: بوسۇغا ئالدىغا قىچا چېچىۋەتسە ئەر-خوتۇن ئارىسىدا ماجىرا كېلىپ چىقىپ ئائىلە ۋەيران بولىدۇ. ئۆزئارا ئازارلىشىپ قالغانلار بىر-بىرىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ. ئىشىكنىڭ ئېچىلىش ئېغىزى قىبلە تەرەپكە قاراپ قالسا، ئەڭ مۇھىمى بوسۇغىنىڭ ئالدى قىبلە تەرەپكە قاراپ قالسا بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ بوسۇغىسىدىن بىسوراق ئاتلاپ ئۆتسە بولمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش پەرھىزلەرمۇ بار.

دېمەك، خۇلاسىلىگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز مولىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ-ئادىتىنىڭ بىرى بولغان «بوسۇغا»دىن ئىبارەت ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىنىڭ سىرتقى بۇلۇڭىنىڭ ئىجتىمائىي رولى تۆۋەنلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بوسۇغىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق تەتقىقات قىممىتى بار نەرسىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئىزاھلار:

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل، 12-ئاي، 1-نەشرى، 147-بەتتىكى نەقىل.

②، ④، ⑤، ⑥، ⑩ ئەھمەد ئىمىن ئەل نەزەر: «ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغا بىلەن باغلىنىشلىق ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006-يىللىق 3-سان، 87-، 88-بەتلەر.

③ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 609-بەت.

⑦ مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998-يىل، 1-نەشرى، 168-بەت.

⑥، ⑧ بۇمەرىيەم شېرىپ: «ئوغۇزنامىدىكى تەرەپ، رەڭ، چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىزنالىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003-يىللىق 1-سان، 76-بەت.

⑨ يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى.

⑩ ھەسەنجان ئابلىز: «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى — چاچ كېسىش ئويۇنى ھەققىدە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004-يىللىق 1-سان، 78-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى 5 - سىنىپتىن)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 — 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# شىنجاڭدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى كۇتۇپخانىسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى



گېڭ شىمىن

بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى مەن گېرمانىيەنىڭ ئالدىنقى بىر ئەۋلاد پېشقەدەم ئالىملىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر سانسكرىتشۇناس، پروفېسسور دىتېر شلىنگلوفنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشىردىن چىقارغان گېرمانچە بىر پارچە كىتابچىنى تاپشۇرۇۋالدىم. كىتابچىنىڭ ئىسمى «قەدىمكى شىنجاڭدىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى كۇتۇپخانىسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ شىنجاڭ كۇچا قىزىل مىڭئۆينىڭ يەر ئاستىدا قەدىمكى غەربىي يۇرت ئەدەبىياتىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىغا ئائىت كۆز قاراشتىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە پەن ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنى بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئۈندىگەن، تۆۋەندە بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىگە (1902 ـ 1914، يىللاردا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتتا بولغان) مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە گېرمانىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن «قىزىل قۇببە غارى» دەپ ئاتالغان غارغا يانداش بولغان يەنە بىر كىچىكرەك غارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ كىچىك غار ھەققىدە پروفېسسور گېرونۋېدىل (گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىگە مەسئۇل بولغان) «قەدىمكى شىنجاڭدىكى بۇددىزم خارابىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: بۇ غار بىر نەچچە كىۋادرات شەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، (ئېگىزلىكى 2.47 مېتىر، كەڭلىكى 2.96 مېتىر) چوققىسى تەكشى، ئارقا تېمىدا بىر پەشتاق بار. سولدىكى تامنىڭ ئۈستىدە 10 ~ 12 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كىچىك تۆشۈكچىلەر بار. بۇ تۆشۈكچىلەر ياغاچ تاختاينى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن تېشىلگەن. ئەڭ ئۈستىدىكى تۆشۈكچىنىڭ غار چوققىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر، تۆۋەنكى قىسمى بىلەن بولغان ئارىلىقى 12 سانتىمېتىر، ياغاچ تاختاي كىتابلارنى تىزىش ئۈچۈن ياسالغاندەك قىلىدۇ، ئېھتىمال بۇ غار بىر كۇتۇپخانا بولسا كېرەك دەپ يازغان.

ئەمما بىز كىتاب قويۇش ئۈچۈن ياسالغان ياغاچ تاختايلارنىڭ سانىنى ئېنىق بىلەلمەيمىز. ناۋادا غار ئېگىزلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





ئىككى مېتىر دەپ ھېسابلىساق، بۇنىڭدا تەخمىنەن 15 ~ 10 چە ياغاچ كىتاب ئىشكاپى بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن قويۇلغان كىتابلارنىڭ سانىنى 500 پارچە ئەتراپىدا بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇ نوقتىنى بىز گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن قىزىلدىكى «قىزىل قۇببە غارى» دەپ نومۇر سېلىنغان قەدىمكى غەربىي يۇرت يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ئېنىقلاپ چىقالايمىز، ئۇنىڭدىن باشقا بىز بۇ يازمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇلارنىڭ كۇچادىن تېپىلغانلىقىنى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئائىت «سارۋاستىۋادا» نومى، «دىخارا گۇپتا» نومى ۋە «مۇلاسارۋاستىۋادىن» نوملىرىنىڭ بارلىقىنى، يەنە ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلالايمىز. يەنە بىر قىسمىلىرى بولسا ۋىندىمىل پالما دەرىخى ۋە قېيىن دەرىخى قوۋزاقلىرىغا يېزىلغان شېئىرلار ۋە تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ كۇچانىڭ ئالدىنقى كىلاسسىك دەۋرى (مىلادى 2 ـ 6 ـ ئەسىرلەر) مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئارقىدىنلا ئاپتور گېرمانىيە تۆت قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى گېرونۋېدىل ۋە لېكوكلارنىڭ، شۇنىڭدەك گېرمانىيەلىك باشقا ئالىملارنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەدەبىيات يازمىلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەمدە لېكوك قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يازمىلىرىنىڭ راستىنلا شۇنداقمۇ ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىشمۇ دەپ گۇمان قىلغان.

لېكوك «يۇنان ئىزلىرىنى بويلاپ» (لېيپزىگ، 1926 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشرى، 115 ـ بەت، بۇ كىتابنىڭ يەنە 1928 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن خەنزۇ تىلىغا «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان، مۇھەممەد ئىلى، ماخمۇت ۋەلىلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىمۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003 ـ يىلى نەشر قىلىنغان — تەرجىماندىن) ناملىق كىتابىدا: بىز بىر قانچە كۈن ئىلگىرى، قىزىل قۇببە غارى دەپ قويۇلغان غاردىن قەدىمكى كۇتۇپخانىنى بايقىدۇق، بۇ يەردە قەدىمكى ئەدەبىياتقا ئائىت كۆپلىگەن يازما ماتېرىياللار ۋە يېزىق خاتىرىلەنگەن پارچىلىرىنى بايقىغانلىقىنى... بۇلاردىن باشقا تېخى بايقالمىغان، ئەمما سانسكرىت ۋە توخرى يېزىقىدا يېزىلغان 60 پارچىغا يېقىن كىتابلارنىڭ مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى يازغان.

ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، لېكوك قىزىل قۇببە غاردىكى كۇتۇپخانىنى تىلغا ئالغانىۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسـ

رىدە بۇ غار ھەققىدىكى بايانلار ئۇچرىمايدۇ، بەلكى يۇقىرىقى كىتابىدا ياندىكى غارلارنى تىلغا ئالغاندا ئېھتىمال بۇ كۇتۇپخانا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. گېرونۋېدېل بۇ ئۇشكە بىلەن ياسالغان ياغاچ تاختاينى تاش غاردىن تېپىپ چىقىرىلغان كىتاب جاھازىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ يازغان.

كىشلەر لېكوكنىڭ يازما يادىكارلىقلار ساقلانغان كىتاب ئامبىرىغا كىرگەنلىكىدىن گۇمان قىلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يەرلىك ئىشچىلارنىڭ تاش غار ئالدىدىكى يىغىلما قۇملارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قىزىل قۇببە غارىغا كىرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ تاش غاردىن قەدىمكى ئەدەبىيات يازما يادىكارلىقلىرى بايقالغان دېگىنى ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسا كېرەك.

بېرلىندا ساقلانغان قەدىمكى يازمىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن كىشلەر يەنە قەيەردىن ئاشۇنداق كۆپ مىقداردىكى يازمىلار بايقالغان بولغىيتتى دەپ سوئال قويىدى. لېكوكنىڭ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيە خىزمىتى جەريانى توغرىسىدا يازغان يەنە بىر كىتابى «شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى» (1928-يىلى، لېيپسىگ، 58-بەت، بۇ كىتاب خەنزۇ تىلغا تېخى تەرجىمە قىلىنمىدى)دە بىر چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا تام رەسىملىرىنى كېسىپ ئېلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ۋە قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىن يازمىلارنى ئىزدەپ تېپىپ بولالمايدىغانلىقىنى



يازغان. مۇشۇ كىتابتا يەنە: 2-كۈنى (7-ئاينىڭ 24-كۈنى) تاڭ ئاتقاندا مەن ئىشچىلار بىلەن قىزىل قۇببە غارىغا كىردىم (1906-يىلدىكى قېزىشتا تەلىيىمگە يارىشا بۇ يەردىن كۆپلىگەن سانسكرىتچە يازما يادىكارلىقلارنى قېزىۋالغانىدىم) ھەم تاش غار ئالدىدىكى دۆۋىلىنىپ قالغان قۇملارنى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىدىم، بارتۇس (ئەينى ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى — تەرجىماندىن) بۇ ۋاقىتتا تام رەسىملىرىدىكى چىرايلىق شەپقەتچىلەرنىڭ رەسىمنى كېسىپ ئېلىۋاتاتتى. لېكىن قۇم دۆۋىلىرىنى كولاپ ھېچقانداق نەرسە تاپالمىدۇق. مەن ئىشچىلارغا يەر يۈزىنىرەك قېزىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن ئانچە كۆپ بولمىغان يازما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىنى قېزىپ چىقتى. بۇلار مېنىڭ سەل ھاردۇقۇمنى چىقاردى، بۇ شۇنى چۈشەندۈردۈكى، بىز ئەينى ۋاقىتتا قەدىمكى يازمىلار ساقلانغان قەۋەتنىڭ ئۈستىدىلا قېزىشنى توختىتىپتۇق... ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كېتىپ، شۇڭىدەك چۈشتىن كېيىن مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ كەتكەچكە، قېزىشنى توختاتتۇق، دەپ يازغان.

كىشلەر لېكوكنىڭ باشتىن-ئاخىرقى ئىپادىسىگە قاراپ ئۇنىڭ كىتابىدىكى بايانلاردىن گۇمانلانغان. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە باھا بەرمەيمىز (سېتەيىن بۇ ھەقتىكى باھالارنى بېرىپ بولغان). بىز بۇ يەردە پەقەت: ئېھتىمال قىزىل قۇببە غارى يېنىدىكى بىر غارنىڭ ئىچىدىكى قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا قەدىمكى غەربىي يۇرت ئەدەبىياتىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار پارچىلىرى ساقلانغان، دېگەن بۇ كۆزقاراش ھەققىدە كۆپچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز، خالاس. بۇ قىممەتلىك قەدىمكى يازمىلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ماقالە پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007-يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ۋە قازاق تىل-ئەدەبىياتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق ئەسەردىن تەرجىمە قىلىندى.

**ئىمىن تاجى تۇرگۇن** تەرجىمىسى

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ناننىڭ تۈرلىرى

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن



## دامان نان

دامان نان گىردە ناننىڭ چوڭايتىلغان شەكلى، ئۇنىڭ ھەجمى گىردە ناننىڭ ھەجمىدىن ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ناننىڭ تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، خۇرۇچلىرىنى كۆپەيتىپ، نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. گىردە نان بىلەن دامان نان تەم جەھەتتىن ئوخشاش، پەقەت ھەجىم جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قىسمەن پەرقلەر بار. شۇڭا ئۇلار ئىسىم جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئايرىم نان تۈرى ھېسابىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، كۈنجۈت، سىيادان قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

گىردە نانغا خېمىر تەييارلىغانغا ئوخشاش ئۇنغا سۇ، خېمىرتۇرۇچ، تۇز قوشۇپ يۇغۇرۇلىدۇ، خېمىر كۆپتۈرۈلىدۇ، گىردە نانغا ئوخشاش زۇۋۇلا ئۈزۈپ، تاۋلاپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. پۈتكۈل ئىش تەرتىپى گىردە ناننىڭ ئىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، پەقەت ھەجىم جەھەتتىن گىردە ناندىن ئىككى ھەسسە چوڭ بولىدۇ.

دامان نانى يېقىش، پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ گىردە نانى يېقىش، پىشۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى دامان نان ھەجىم جەھەتتىن گىردە ناندىن چوڭ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن دامان ناننىڭ تونۇردا بۇسلىنىش ۋاقتى، ئوتقا قاقلىنىش ۋاقتى گىردە ناندىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئوبدان سىڭىشتۇرۇپ پىشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

دامان ناننىڭ ئالاھىدىلىكى:

دامان نان يۇمشاق، تەملىك، مەززىلىك بولغاندىن سىرت ئۇنىڭ تاشقى شەكلىمۇ چىرايلىق، ئۇنى چوڭ-كىچىك، يۇقىرى-تۆۋەن ھەرقانداق مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ. ئۇنى تاتلىقياڭيۇ بىلەن گۆش ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلغان قورۇما بىلەن يېسە تېخىمۇ يېيىشلىك بولۇپ ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ ئاچىدۇ، دامان ناننىڭ ھازىر بازار رىقابىتىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى بولماقتا.

---

★ بېشى 2010 - يىللىق 4 - سانىدا

## سەپەر توقچى



سەپەرگە چىقىش، يۇرت ئارىلاپ ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش ھەممە مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يۇرت ئاتلاپ ساياھەت قىلىش، تىجارەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش، ھەج تاۋاپ قىلىش، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ھېلىھەم بۇنداق يول-سەپەرلەرگە چىقىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ قاتناش قوراللىرى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا بۇ خىل قاتناش قوراللىرى بولمىغان، مۇشۇ جەرياندا ئوزۇقلۇقلارنى ئائىلىدىن ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كەلگەن، سەپەر توقچى مانا مۇشۇ زۆرۈرىيەت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق سەپەر توقچى ھېلىھەم كەڭ دائىرىدە يېقىلىپ سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ مۇھىم ئوزۇقى بولۇپ كەلمەكتە.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، سۈت، سۇ يېغى، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، قوي يېغى، پىياز، كۇنجۇت، قايماق، شېكەر، كاۋاۋىچىن سۈيى، تۇخۇم قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

سۈت، سۇ يېغى، ئېرىتىلگەن قوي يېغى، كاۋاۋىچىن سۈيى، تۇخۇم، تۇز، خېمىرتۇرۇچ، قايماق، شېكەر، سۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە ئۇن قوشۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر قاتتىقراق يۇغۇرۇلىدۇ، ئۇزۇن ئىشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان خۇرۇچلار مۇۋاپىق تەڭشىلىشى كېرەك، خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن خېمىر كۆپچىگەنگە قەدەر يۆگەپ تىندۇرۇلىدۇ. خېمىر كۆپتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوخشاش مىقداردا زۇۋۇلا ئۈزۈپ، تاۋلاپ، ئىككىدىن زۇۋۇلىنى بىر قىلىپ جۈپلەپ ئاش تاختا ئۈستىگە تىزىپ، ئۈستى رەخت بىلەن يۆگىلىدۇ. زۇۋۇلىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ نان راسلاشتا گىرۋىكى قېلىن، ئوتتۇرىسىنى نېپىز ئېچىش تەلەپ قىلىنىدۇ، سەپەر توقچىنىڭ ھەجمى چوڭ بولمايدۇ. شۇڭا زۇۋۇلىسىمۇ كىچىك ئۈزۈش كېرەك. سەپەر توقچىنىڭ جىلتىسىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن يۈزىگە چەككۈچ چېكىلىدۇ ھەم ئالدىن تەييارلانغان پىياز، كۇنجۇت قاتارلىقلار نانىنىڭ يۈزىگە سېپىلىدۇ.

سەپەر توقچىنىڭ يۈزىگە مەخسۇس تەييارلانغان، تۆمۈردىن ياسالغان قېلىپ بىلەن گۈل نۇسخىسى چېكىلىدۇ.

سەپەر توقچىنىڭ قوشۇمچە خۇرۇچلىرى كۆپ، سۇ ئاز بولغاچقا نان ناھايىتى چۈرۈك، سۇغا چىلىغان ھامان ناھايىتى تېز يۇمشايدىغان، مەززىلىك، تەملىك بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق جايدا بولسۇن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئوت، سۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ياخشى ئوزۇقلۇق بولالايدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا، ئۇيغۇر تاماق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، سەپەر توقچىنى ئۇيغۇر خەلقى سەپەرگە چىققۇچىلار ئۈچۈن تەييارلايدۇ. سەپەر توقچى ھازىرقى بازار رىقابىتى، بازار سودىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتماي، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ كەلمەكتە.

## چىگىرتەكلىك نان

چىگىرتەكلىك نان ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئوزۇقشۇناسلىق ئىلمىدە، ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ تونۇرغا يېقىپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان، ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئۆزگىچە پۇراق، ئۆزگىچە تەمگە ئىگە نان تۈرلىرىنىڭ بىرى.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، تۇز، سۇ خېمىرتۇرۇچ، قوينىڭ قۇيرۇق يېغى (چىگىرتەك) قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ.

قوينىڭ قۇيرۇق يېغىنى چوڭ - چوڭ توغراپ، سۇس ئوتتا ئاستا ئېرىتىپ، ئېرىمىگەن قىسمى بىرئاز سارغىيىشقا باشلىغاندا قازاننى ئوچاقتىن ئېلىۋېتىپ چىگىرتەك-

نى سۇزۇۋېلىپ، ئۇششاق چاناپ خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ياغنىڭ ئېرىگەن قىسمىنى خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇۋەتسەمۇ بولۇۋېرىدۇ. خېمىرنى ئوبدان چەيلەپ رەخت بىلەن يۆگەپ كۆپتۈرۈلىدۇ. ئوخشاش مىقداردا زۇۋۇلا ئۇزۇپ تاۋلاپ پەشخونغا قويۇپ نان ياسىلىدۇ. نانىنىڭ گىرۋىكى تومراق، ئوتتۇرىسى نېپىز قىلىپ يېيىپ كېڭەيتىلىدۇ، نانىنىڭ گىرۋىكى، ئوتتۇرىسىغا چەككۈچ چېكىلىدۇ.

چىگىرتەكلىك نانىنى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇرنى باشقا نان تۈرلىرىنى ياققاندا قىزدۇرغانغا ئوخشاش قىزدۇرۇلىدۇ. ئوت تونۇرنىڭ يۈزى ئاقارغانغا قەدەر كۆيدۈرۈلىدۇ. چوغ تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋېتىلىدۇ، داپخان ئېتىۋېتىلىدۇ. تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاش تۇزى ئۈرۈپ هاۋىسى تەڭشىلىدۇ، راسلانغان نانىنى گەزىنگە ئېلىپ تەتۈر يۈزىگە تۇز ياكى سۇ ئۈرۈپ يېقىلىدۇ.

چىگىرتەكلىك نانىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

چىگىرتەكلىك نانىنى پىشۇرۇشتا تونۇردا ئوت كۆپ كۆيدۈرۈلمەيدۇ. چوغمۇ كۆپ بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. نانىنى يېقىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ بوسلاپ پىشۇرسا نان ناهايىتى يۇمشاق، مەززىلىك، تەملىك تەبىئىي سىڭىشىپ پىشىدۇ.

چىگىرتەكلىك نانىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

چىگىرتەكلىك نانغا قوينىڭ قۇيرۇق يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان بولغاچقا نان ناهايىتى يۇمشاق، مايلىق بولىدۇ. ئۇنى تونۇردىن ئېلىپلا ئىسسىق مەزگىلدە يېسە يېيىشلىك بولىدۇ. بۇ خىل نانىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

## قاتلىما نان

قاتلىما نان ئوتتۇرا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان، ئۇيغۇر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، تۇز، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، سۇ يېغى، قوي يېغىنىڭ ئېرىتمىسى، پىياز، (كۆدە) قاتارلىقلار

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، سۇ يېغى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇمشاقمۇ ئەمەس، قاتتىقمۇ ئەمەس نورمال يۇغۇرۇلۇشى كېرەك. خېمىرنى ئوبدان، پىششىق ئىشلەپ، رەخت بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر كۆپكەندىن كېيىن ئوخشاش مىقداردا زۇۋۇلا ئۇزۇپ، تاۋلاپ، ئاش تاختا ئۈستىگە تىزىپ ئۈستى يۆگەپ قويۇلىدۇ. زۇۋۇلا بىرئاز تىندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى يېيىپ نېپىزلىتىپ توغرالغان كۆدىگە ئازراق سۇ يېغى، قوينىڭ ئېرىتىلگەن يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلغان خېمىر ئۈستىگە تەكشى يېيىپ، بىر تەرەپتىن تۈرۈپ، ئۇزۇن تۇرمەل قىلىپ، ئۇنى يەنە قاتلاپ زۇۋۇلا هالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرىسى سەل نېپىزرەك، گىرۋىكى قېلىن قىلىپ نان ياسىلىدۇ. ئادەتتە قاتلىما نانغا چەككۈچ چېكىلمەيدۇ، نانىنىڭ ئوڭ يۈزى گەزىنىنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئېلىنىپ نانىنىڭ سول يۈزىگە ئازراق تۇز ئۈرۈلۈپ نان يېقىلىدۇ.

قاتلىما نانىنى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇر ئۈرۈك ياكى يۇلغۇن ئوتۇنى بىلەن قىزدۇرۇلىدۇ. ئوت تونۇرنىڭ يۈزى ئاقارغانغا قەدەر كۆيدۈرۈلىدۇ. تونۇرنىڭ يۈزى ئوبدان ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن داپخان ئېتىۋېتىلىپ چوغ تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋېتىلىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاش تۇزى ئۈرۈلىدۇ، تونۇرنىڭ هاۋىسى ئوبدان تەڭشەلگەندىن كېيىن نان يېقىلىشقا باشلىسا بولىدۇ.

قاتلىما نانىنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا كىچىكرەك گەزنە بولسىمۇ بولىدۇ. قاتلىما نان ياققاندا گەزنە سەللا هۆل بولۇپ قالسا نانىنىڭ شەكلى ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، شۇڭا گەزنىنى بىر ياقتىن قىرىپ، پاكىزلاپ تۇرۇش كېرەك.

قاتلىما نانىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

قاتلىما نانىنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغىنى بىلەن تونۇرغا ياققاندا ئاسانلا شەكلى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ياكى نانىنىڭ يۈزى ئاجراپ چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن باياتىن دېگەندەك گەزنىنى پاكىز تۇتۇش، ئەركىن تۇتۇش كېرەك. قاتلىما نان ئىككى يۈزىدىن ئوخشاش قىزىرىپ پىشسا ياخشى بولىدۇ. قاتلىما نانىنى ئىلمەك بىلەن قومۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى سىم چويلا بىلەن قومۇرۇش كېرەك، بۇنداق بولغاندا نان ئاسان پارچىلىنىپ كەتمەيدۇ. قاتلىما نان پىشۇرۇشتا داپخانىنى ئېچىۋەتمەسلىك، چوغنى يالقۇنجىتىۋەتمەسلىك كېرەك، نانىنىڭ تەبىئىي، سىڭىشىپ پىششىغا پۇرسەت بېرىش كېرەك.

قاتلىما نانىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

2011.2

ئاسان قېتىپ قالمايدۇ، يېپىشلىك، سىڭىشلىك، مەز
زىلىك، ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە داستىخانغا قويۇشقىمۇ
چوڭ-كىچىك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكىمۇ
ماس كېلىدۇ.

## زاغرا نان



زاغرا نان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي نان تۈرلىرى-
نىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان مىللەت بولغاچقا، مەيلى قايسى دەۋردە بول-
مىسۇن قوناق ئۇننى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال
قىلىپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوزۇقلۇنۇشلار
ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدە قوناق تامىقىنىڭ
مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە، زاغرا
ناننى ھېلىھەم ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىستېمال قىلىدۇ.

خۇرۇچى: قوناق ئۇنى، سۇ، تۇز، پىياز، ئاش كاۋىسى

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

يۇمشاق تارتىپ ئەلگەكتە تاسقاپ تەييارلانغان
قوناق ئۇنىغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، سۇ قۇيۇپ خېمىر يۇ-
غۇرۇلىدۇ. پىياز ئاش كاۋىسىنى ئۇششاق توغراپ ئارى-
لاشتۇرۇلىدۇ، خېمىرنى ئىسسىق سۇدا يۇغۇرسا ياخشىراق
بولىدۇ. خېمىرنى قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەس
نورمال يۇغۇرۇش كېرەك. زاغرا نانغا ئايرىم زۇۋۇلا ئۈ-
زۈلمەيدۇ، پەقەت ئۇنى بىر ئادەم مۇۋاپىق مىقداردىكى
خېمىرنى ئېلىپ ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا راسلاپ
يۇملاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئايرىم ئۇنغا پۇچىلاپ تەييار-
لاپ بېرىلىدۇ، زاغرا نان يېقىشقا يەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

زاغرا ناننى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇرنى قىزدۇرۇپ، يۈزى ئوبدان ئاقارغانغا
قەدەر ئوت كۆيدۈرۈلىدۇ. تونۇرنىڭ يۈزى ئوبدان ئاقى-
رىپ بولغاندىن كېيىن داپخان ئېتىۋېتىلىپ چوغ تونۇرنىڭ
ئوتتۇرىسىغا يىغىلىدۇ، تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاشتۇزى ئۇرۇ-
لۇپ تونۇرنىڭ ھاۋىسى تەڭشىلىدۇ، راسلانغان نان يەڭ
ئۈستىگە قويۇلۇپ ئالقان بىلەن ئازراق بېسىپ يېپىلىك ھا-
لەتكە كەلتۈرۈلىدۇ ھەم بىر - بىرلەپ رەتلىك ھالدا يېقى-
لىدۇ.

زاغرا ناننى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

زاغرا نان يېقىلىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئېغى-
زى يېپىپ قويۇلىدۇ، نان بۇسلىنىدۇ، ناننىڭ يۈزى
ئوبدان قېتىپ بولغاندىن كېيىن ئوتنى چوڭچىلاپ يالقۇن-
جىتىلىدۇ، نان ئوبدان سىڭىشىپ قىزىرىپ پىشقاندىن
كېيىن ئاندىن تونۇردىن ئېلىش كېرەك، نەق تونۇرنىڭ
ئىچىدە ئۇزاقراق تۇرسا قېتىپ ياخشى پىشىدۇ.

زاغرا نان يەنە رايون خاراكتېرلىك ئوخشىماسلىقلار-
غا ئىگە، بىر قىسىم جايلاردا بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق
ئۇننى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىرنى كۆپ-
تۈرۈپ ياقىدۇ، زاغرا نان يەنە ئوخشاش بولمىغان رايون-
لاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە يېقىلىدۇ، ئەمما
خېمىر تەييارلاش، يېقىش، پىشۇرۇش قاتارلىق جەريانلار
ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۆش، قوي يېغى،
پىياز، قارىمۇچ، زىرە قاتارلىقلاردا قىيما تەييارلاپ خېمىر-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ قايتىدىن يۇملاقلاپ زاغرا نان
يېقىش ئۇسۇلىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان، قىيمىنى
ناننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالماي خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ
زاغرا نان ياقسىمۇ بولىدۇ، بۇ نانلار تېخىمۇ يېپىشلىك،
مەززىلىك بولىدۇ.

زاغرا ناننىڭ ئالاھىدىلىكى:

زاغرا ناننىڭ قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، ئورۇقلى-
تىش، ئىشتىھانى ئېچىش، قاننى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق-
لاردا رولى بارلىقى ھەققىدە ماتېرىياللاردا مەلۇماتلار
بولدى. بۇلار تېببىي ئىلمىي ساھەدىكىلەر يەكۈنلەپ
چىققان تەجرىبىدىن ئۆتكەن قاراشلار بولۇشى مۇمكىن،
ئادەتتىكى ئىستېمال جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا زاغرا نان
ئاسان سىڭىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنى شورپا بىلەن ئىستېمال
قىلسا ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق بولۇپ كىشىگە ئالاھىدە
تەم، ھوزۇر ئاتا قىلىدۇ، زاغرا ناننى چايغا چىلاپ ياڭاق
مېغىزىنى سوقۇپ، نانغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە مېڭىنى قۇۋ-
ۋەتلەپ تەننى روھلۇق قىلىدۇ، بولۇپمۇ ياشانغانلارنىڭ

سالامەتلىكنى ياخشىلاشتا زاغرا نان ئەڭ مۇۋاپىق ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ، زاغرا نان ھازىر ياشانغان كىشىلەر ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئوزۇقلۇقنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئارپا نېنى

ئارپا بۇغدايغا ئوخشاپ كېتىدىغان، بۇغداي بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا تېرىلىپ، ئوخشاش ۋاقىتتا يىغىۋېلىنىدىغان بىر خىل دانلىق زىرائەت، ئۇ ھاۋاسى سوغۇق ھەم نەم بولغان تاغلىق رايونلاردا كۆپرەك تېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنى بۇغداي ئۇنىغا قارىغاندا سەل قارامتۇل، تەمى باشقىچەرەك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، شۇڭا ئارپا ئۇنىدىمۇ ئوخشاشلا نان يېقىپ يېيىشكە بولىدۇ.

خۇرۇچى: ئارپا ئۇنى، سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ، پىياز ۋە ئاز مىقداردا ئاق ئۇن قاتارلىقلار.

ئارپا نان خېمىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئارپا ئۇنىغا ئازراق بۇغداي ئۇنى قوشۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، سۇ، خېمىرتۇرۇچ ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

پىياز توغراپ خېمىرغا قوشۇپ نورمال ھالەتتە خېمىر يۇغۇرۇپ يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر كۆپكەندىن كېيىن ئوخشاش مىقداردا زۇۋۇلا ئۈزۈپ ئاش تاختىغا تىزىپ قويۇلىدۇ ھەم رەخت بىلەن ئۈستى يۆگىلىدۇ. ئارپا نېنى راسلاش ئۇسۇلى ئارا توم ناننى راسلاش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ، زۇۋۇلىنى تاۋلاپ ئالغان بىلەن بېسىپ يېيىلىك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، گىرۋىكى سەل توم، ئوتتۇرىسى نېپىز قىلىپ يېيىپ نان راسلىنىدۇ. نان يۈزىگە چەككۈچ چېكىپ، پىياز سۈۋاپ گەزنە بىلەن تونۇرغا يېقىلىدۇ.

تونۇرغا يېقىش، پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى توم نان يېقىش، پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش، ئارپا نېنىنىڭ رەڭگى سەل قارامتۇل كېلىدۇ، ياغلىق توقاچنى پىشۇرغاندەك بەك قىزارتىپ ئالماي دەپ تونۇردا ئۇزاق تۇرغۇزغاندىن ناننىڭ رەڭگى بەك ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۇنى نورمال پىشۇرۇش كېرەك.

ئارپا نېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

ئارپا نېنى قۇۋۋەتلىك، تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ ئىسسىققا مايىل كىشىلەر ئىستېمال قىلسا بەدەننىڭ ھۆللۈكىنى ئاشۇرىدۇ، قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرىدۇ، شورپا بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا ئادەمگە تېخىمۇ ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)

# ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2009 ـ يىللىق سانلىرىدىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

**ئاپتورلار سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ساپاسىغا نەزەر



رەناگۈل ئابدۇللا

ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا سىياسىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، پەن - مائارىپ ئىشلىرىغا نۇرغۇن يۈكسىلىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ماھىيەتلىك تەرەپلەرگە سەل قارىلىپ، ئەكسىچە نىسپىي نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئەۋج ئالماقتا. بۇنى بېجىرىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ ئەنە شۇ تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان گۈزەللىك لاتاپىتى، سەممىي - ساداقىتى، ئەقىل - پاراستى بىلەن شېرىن كەبىي ئەركەكلىرىمىزنى مۇھەببەت بابىدا ئايىغىغا يىقىلدۇرۇپ، ئىناق، بەختىيار ئائىلىلەرنىڭ پەرۋىشكارى سۈپىتىدە، پەرزەنت ئوتىدا كۆيۈپ - پىشىپ جان كۆيدۈرۈۋاتقان، چېچىدىن ئۇزۇن ئەقىل - پاراستى بىلەن نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئىلىم - پەن ساھەسىدە زەپەر قۇچۇپ كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئاشۇ سۆيۈملۈك ئاياللىرىمىز ئارىسىدىن ئايىنىپ چىققان بىر قىسىملاردۇر. گەرچە غەرب كىشىلىرى بىلەن ماكانداشلىقتىن، ھەتتا ئىلگىرىكىلىرى بىلەن زامانداشلىقتىن، دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورتاقلىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما، ئوخشاش بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىنسان تەبىئىتى، ھەۋەس، قىزىقىش جەھەتلەردە ھامان ئورتاقلىققا ئىگىمىز. جەمئىيىتىمىزدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللارغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭ بولماقتا.

ئائىلىنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى ئايالدۇر، چۈنكى ئەرلەر مىجەز - خۇلق ۋە تەربىيە جەھەتتە ئاياللاردىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ. ھەتتا يۇقىرى مەكتەپلەردە، ئالىي پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلىم ئالغۇچىلارمۇ ئانىلىرىدىن ئالغان تەربىيە بىلەن ياشايدۇ ۋە بۇ تەربىيەنى ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ئېسىدە ساقلايدۇ. دۇنيانى ئاياللارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە خەلقىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ماقال - تەمسىللەر ۋە ئەقلىيە سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، «بىر چېدىرنى ئون ئەركەك قۇرغان بىلەن، ئۆينى بىر ئايال تۇتالايدۇ»، «ئاقىل تەدبىرلىك بولسا گەر ئايال، قولىدىكى يىڭنىسى يا ئوقى مىسال»، «ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئايال پانىي ئالەمدىكى جەننەت»، «كىشىنىڭ بولسا گەر ياخشى ئايالى، دېمەك خوتۇن، دېگىن ئەرنىڭ كامالى»، «ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى چىراي ئارقىلىق ئۆلچەنگەن بولسا، ئۇنداقتا سەت ئاياللارنىڭ ھەممىسى تۇل قالغان بولاتتى»، «ساھىبجامالنىڭ جامالىغا ئەل بولما، ئېسىل خۇلقىغا ئەل بول»...

ئاياللارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە غەرب پەيلاسوپلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





بىرى: «ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ئاياللارنىڭ ئىستىكى بويىچە بولغۇسى، ئەگەر بۈيۈك ۋە پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئېھتىياجىڭىز بولسا، ئاياللارغا بۈيۈكلۈك ۋە پەزىلەت ئۆگىتىڭ» دېگەن. بىر ئىنسان نەقەدەر بۈيۈك ۋە نەقەدەر مەرتىۋىلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئايالى بولمىسا، ئۇ بەختلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بەخت ئائىلىدە راھەتلىك ئۆمۈر كۆرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئائىلىدە راھەت كۆرمىگەن ئىنسان ئائىلىنىڭ سىرتىدىمۇ راھەت كۆرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاياللارنىڭ تەربىيەلىك بولۇشى زۆرۈر ۋە بۇنىڭ پايدىسى پۈتۈن مىللەتكە مەنسۇپ. ئاياللار ئىگە بولغان تەربىيە باللارغا كۆچىدۇ ۋە ئەل - يۇرت، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ مەھكەم ئورنىشىدۇ. ئايال ئۆزىنىڭ ئايال جىنسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ھەقىقىي ئاياللىق ئاڭ، مەجبۇرىيەتنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

غەرب مەدەنىيىتى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا مۇرەككەپمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي تەرەپلەر بار. بىز ئۇلارنىڭ «پارقىراق» تاشقى شەكلىگىلا ئېسىلىۋالماي ، بەلكى ئۇلاردىكى مۇكەممەللىك ئىچىدىكى ئاددىيلىقنى، ماددىيلىق ئىچىدىكى مەنىۋىلىكنىمۇ ھېس قىلالىساق ھەم ئۆگەنسەك، ئاندىن بۇ بىر ئاقىلانە تاللاش بولىدۇ. چۈنكى ھەممىمىزگە ئېنىقكى، شەكلىي نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. بىزدە تويۇنغان مەنىۋىلىكلا بولىدىكەن ئۆمرىمىز مەيلى قانچىلىك قىسقا بوپكەتسۇن، روھىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بىز ئۆزىمىزدىكى ماددىيلىققا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئىستىكىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، نەزەرىمىزنى مەيلى مىللىي ئەنئەنىمىز بولسۇن ياكى ئاشۇ غەربنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى بولسۇن، ئىشقىلىپ روھي ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئامىللارغا قارىتىدىغان بولساق، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىمىز ۋە ئەتراپىمىزدا ھەتتا بالىلىرىمىزدا خېلىلا كۆپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

مەدەنىيەت ئۆگىنىش - ئىلغارلىق، مەدەنىيەت ئۆگىنىش - يېڭىلىققا يۈزلىنىش. بۇ مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، بىراق، مەدەنىيەتنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ مۆلچەرلەش قىيىن. مېنىڭچە ئاشۇ «غەربچە تۇرمۇشنى سۆيىدىغان» ئاياللىرىمىز پۈچەك نەرسىلەرگە ئىشتىياق باغلىماي، ئالدى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ئۇلاردىكى ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن تونۇشۇپ بېقىشى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

**1. غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى**

غەرب ئەللىرىدە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى خېلى بۇرۇنلا نۇرغۇن ئەدەبىي - ئەسەرلەر ۋە مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بايانلىرىدا نامايان بولۇشقا باشلىغان. ئەپلاتۇننىڭ قارىشىچە: «ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق بىر ئايال ئەقلى كەم بىر ئەردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر ئاياللار دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلمىسا، بۇ ئىنسانلار ئىقتىدارىدىكى ئىسراپچىلىق بولىدۇ». ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك مەسىلىسىنى قايرىپ تۇرغاندىمۇ، رېتسارلار دەۋرىدە ئاياللارنى ئېرسىيەت جەھەتتە باراۋەر يارىتىلغۇچى دەپ قارايدىغان غايىۋىلەشكەن ئاياللار ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنداق رومانتىك ئايال ئۇقۇمى دانتېنىڭ ئەسىرىدىكى بىياتلىس ئوبرازىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بىياتلىس غەرب ئەدەبىياتىدىكى غايىۋى ئاياللار ئوبرازىنىڭ چوققىسى دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى» (بۇ ئەسەر 1307 - يىلدىن 1321 - يىلغىچە ئارىلىقتا يېزىلغان)دىكى بۇ ئوبراز يەنە پەۋقۇلئاددە ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەھسۇلى، بۇ جەھەتتە ئۇ پەيلاسوپلاردىنمۇ ھالقىپ كەتكەن. ئاياللار ھەققىدىكى رومانتىك ئۇقۇم سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئاياللار نازۇك گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئاۋايلاشقا ۋە قوغداشقا موھتاج دېيىلگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ئاياللارنى قەدىرلىمىگەن ئەرلەر، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشنى بىلمىگەن ئاياللار مەڭگۈ

2011.2

هۆرمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»، دېگەن ھېكمەتنىڭ راستلىقىغا چىنپۈتىمىز.

غەرب ئەللىرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ مۇستەقىللىق ۋە باراۋەر ئورنىنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيران قالىدۇ. بۇ نېمەدىن كەلگەن؟ بۇ ئۇلاردا ئەرلەر بىلەن دوئېلغا چىقالىغۇدەك ئەقىل ۋە ساپانىڭ ھازىرلانغانلىقىدىن كەلگەن. ئەپلاتون ئائىلىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە سىياسىيدىكى باراۋەر ئورنىنى كۆككە كۆتۈرگەن، ئۇ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە، سوقراتنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق دەيدۇ: «بىر دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىقتىدار كەتمەيدۇ، ئائىلىلاردا شۇ خىل ئىقتىدار بار، چۈنكى ئۇ ئايال. ئەرلەردىمۇ شۇ خىل ئىقتىدار بار، چۈنكى ئۇ ئەر. ئەرلەرنىڭ ئىزدەيدىغىنى بەرىبىر ئائىلىلەرنىڭ ئىزدەيدىغىنىدۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيەلىك پەرقنىلا ئويلىشىش كېرەك». دېمەك، ئائىلىلار ھوقۇق ۋە ئورۇن داۋاسى قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشى بەك مۇھىم. لاتا-پۇتىغا ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماي، «بىچارە بايقۇش» بولۇپ ياشاۋەرسە، نەدىمۇ ئۆزىنى تاكاممۇللاشتۇرغىدەك بىلىم ئۆگىنىشكە، ئىشلىتىشكە ۋاقتى چىقسۇن!

**2. غەرب ئەدەبىياتىدىكى بىز قوبۇل قىلىشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلەر:**

1) شۆھرەتپەرەسلىك ئىنسان روھىغا چۈشكەن بىر مىتە. غەرب كىلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، شۆھرەتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ بىزگە مەلۇم جەھەتتىن ساۋاق بولالايدۇ. ئەتراپىمىزدا «مارجان» تىراگېدىيەسىدەك پاجىئەلەر خېلى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. «مارجان» فىرانسىيەلىك داڭدار يازغۇچى، دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ پىرى مۇپاسساننىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور بولغان مەشھۇر ھېكايىسى. ئەسەردە ماتىلدا بىر قېتىملىق تانسا كېچىلىكىگە بېرىش ئۈچۈن، دوستىدىن بىر مارجان ئارىيەت ئالىدۇ، تانسا كېچىلىكىدە ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىپ مۇرادىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ مارجاننىڭ يىتكەنلىكىنى بىلىپ شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمايدۇ، ئاخىر ئائىلىسنى ئۆمۈرلۈك قەرزگە بوغىدىغان نۇرغۇن قەرزلەر ھېسابىغا بىر دۇكاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش مارجاندىن بىرنى سېتىۋېلىپ، دوستىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، نۇرغۇن يىللارنى قەرز تۆلەش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەت، يوقسۇزلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، دوستى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ يىتۈپ كەتكەن مارجاننىڭ ئەسلىي ناھايىتى ئەرزان بىر جا مارجان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ-دە، ھېكايە ئاخىرلىشىدۇ. يەكۈننى كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ئاشكارا قىسمى ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىلغان، يوشۇرۇن قىسمىدا بولسا چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغان. شۇڭا بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندا، كىشى چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ، قەلبى لەرزىگە كېلىدۇ. مۇپاسسان ئەۋان پونىن ئېيتقاندەك: «دۇنيانىڭ بەختكە ئېرىشىشنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۈمىد قىلىدىغان يازغۇچى» بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئائىلىلارغا بۇ ھەقتە ساۋاق بېرىپ، بۇ خىل يامان ئىللەتنى قاتتىق قامچىلاپ «مارجان»دەك تىراگېدىيەلەرنىڭ نىسبىتىنى ئازايتماقچى بولغان. ئەپسۇس، بۇ پاجىئەلەر جەمئىيىتىمىزدە يەنە ھەرخىل شەكىللەردە تەكرارلانماقتا.

ئائىلىلار ئۆزىنىڭ شۇكۇر-قانائەتچانلىقى بىلەن بەختلىكتۇر. ئارىمىزدا شۇنداق بىر قىسىم ئائىلىلار باركى، مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرەڭلەيدۇ، ئەتراپىدىكى ئۆزدىن تۆۋەنرەك سەۋىيەدىكى كىشىلەرگە مال-دۇنياسىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ، ئۇلارنى ياراتماي، كۆزگە ئىلماي ئۆزلىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا سالاھىيىتى يوق كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئىلگىرى بىنا ئۆي غەلۋىسى قىلسا، ئەمدى داچىلارغا ھەۋەس قىلىشماقتا. ماددىي تۇرمۇش ياخشىلانغانسېرى بىر قىسىم ئائىلىلار كۆنسېرى ئاچكۆزلىشىپ، قانائەتسىزلىشىپ بارماقتا. ئۇلاردىن مىللىي خاسلىق، مىللىي مەدەنىيەتكە خاس ئۇچۇر تېپىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ياسانچۇقلۇق، «مودا»پەزلىك، زىدبۇزىننەت ھەم كىيىم-كېچەك مەستانىلىقى يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇلاردىن دەۋرىي مەسئۇلىيەتنى، ئائىللىق نازاكەتنى، «ئانا»لىق مەسئۇلىيەتنى كۆرۈپ يەتمەك بەك مۇشكۈل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداقلار ئېسىل پەزىلەتلىك ئائىللىرىمىز يۈزىگە چۈشكەن داغ بولۇپ ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى نۇرلۇق سىيماسىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويماقتا.

«مارجان» ھېكايىسى كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى كىشىلەر بىلەن كىشلەر، ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ قىپيالىڭاچ پۇل مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەتلا بولۇپ قالغان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى تۇرۇپمۇ، يازغۇچى شۇنچە ئىلغار مەيداندا تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان يەردە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە تەربىيەلىنىپ، قىزىل

بايراق ئاستىدا بەختىيار چوڭ بولغان بىز ئەجەبا ئىككىنچى ماتېرىيالدا خانىم بولۇپ تارىخ بېتىگە يېزىلماقچىمۇ؟!

ئاددىيلىق ــ پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. بىز كۆپىنچە ھاللاردا شۇنچە كاتتا شان-شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغان، يۇقىرى ئۇنۋانلىق، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن، يۈرۈش-تۇرۇشىدىن، گەپ-سۆزلىرىدىن ئاددىيلىقنىڭ، كەمتەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقايمىز. ئەكسىچە، قورسىقىدىكى ئومچىنىڭ تايىنى يوق، ئىغىزىدا شە ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆلتىنى ھارۋا تارتالمىغۇدەك يۈرىدىغانلىقىنى، ئۇستىبېشىنىڭ ناھايىتى «نوچى»لىقىنى بايقايمىز. بەلكىم «مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. يېقىندا ياۋروپاغا ساياھەتكە بېرىپ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان دادام-ئاپاملارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ياۋروپالىقلار مەيلى كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئىستېمال جەھەتتە بولسۇن، شۇنچىلىك ئاددىي-ساددىكەن، كوچىلاردا بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئۈنچە-مارجانلارنى بولۇشىچە تاقاپ، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقىنىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، يىغقان پۇللىرىنى بىلىم ئېلىش، بىرەر يېڭى كەسىپ ئۆگىنىش، ساياھەت.. . قاتارلىق كىشىنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار باشقىلارغا شۇنچىلىك ئىلمىي، سىلىق مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئاممىۋى سورۇنلاردا بىرەر ئادەمنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن... مېنىڭچە، مانا بۇ بىزنىڭ «مەدەنىيلىك» جەھەتتە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىمىز.

يېقىندا بىر خىزمەتدىشىمنىڭ نەچچە يىل كۆيۈپ-پىشىپ كەينىدىن يۈرۈپ، ئاخىر تويى قىلىشقا پۈتۈشكەن چىرايلىق، تەكەببۇر، «مودا» لايىقىدىن ۋاز كېچىپ، ناھايىتى ئادەتتىكىچە، ئاددىي-ساددا بىرسىنى ئالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدۇق. ئۇ: «مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن پەقەت گۈزەل جامالدىن باشقا ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىدىم. چىرايلىق نەرسىلەرنى بازاردىن پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭ پوچىلىقى، شۆھرەتپەرەسلىكى، بەزى يامان قىلىقلىرىنى قوبۇل قىلالمىدىم... كېيىنكىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك تەرەپلەرنى بايقاپ ئۇنى قوغلاشتىم...» دېدى. بۇنداق بولۇشىنى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ھېلىقى «چىرايلىق» قىلچە ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى-ھە! بۇنى ئاڭلاپ مەن قايسىدۇر بىر قاملاشقان، سۆلەتلىك كىشىنىڭ كۆرۈمسىز، ئاددىي ئايالى بىلەن شۇنچىلىك بەختلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنىڭ سىرىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەندەك بولدۇم.

2) ئاياللىقىڭىز مۇھەببەت، ساداقەت بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مۇھەببەت ــ بۇ مەڭگۈلۈك تېما. قەدىمدىن ھازىرغىچە، چەت ئەلدىن جۇڭگوغىچە مەزكۇر تېما ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىن «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شېرىن»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «رابىيە-سەئىددىن»، «مەسئۇد-دىلئارا»... قاتارلىقلاردا ئۇيغۇر ئاياللىرىمىزنىڭ مۇھەببەتكە سادىقلىقى، گۈزەل پەزىلىتى، باي ۋە ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازى مەڭگۈ كۆزنى چاقنىتىپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. چەت ئەل ئەدەبىياتىدا «ھومېر داستانلىرى»نىڭ بىرى بولغان «ئودىسسا»دىكى ئودىسسانىڭ ئايالى پېنىلوپادىن تارتىپ، دانتىنىڭ «ئىلاھى كومېدىيەسى»دىكى بىياترىسقىچە، شېكسپىرنىڭ «ھاملېت»دىكى ئوپېلىيادىن، «رومېئو-جۇلىيەتتا» تراگېدىيەسىدىكى جۇلىيەتتاغىچە...بولغان قىز-ئاياللار ئوبرازى مۇھەببەت ۋە ساداقەت بابىدا بىزلەرگە ئاجايىپ ئېسىل ئۆلگىلەر-



نى قالدۇرۇپ كەتكەن. يەنە دوپانىڭ ئېرى ئودېسسانى
20 يىل ھىجران ۋە يالغۇزلۇق ئازابىنى يېگىپ ساقلىغانلى-
قى، ئوپىلىيانىڭ ھاملېتنىڭ ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ۋە-
جىدىن يالغان سارالڭ بولۇۋېلىشى تۈپەيلى، مۇھەببەتتىن
ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقى، جۇلېتتانىڭ رو-
مېئو ئۈچۈن ھەرقانداق ئازابقا بەرداشلىق بەرگەنلىكى،
باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇشنى ئەسلا راۋا كۆرمەي، رومې-
ئونىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى بىل-
گەندىن كېيىن، ئىككىلەنمەي ئۆلۈۋېلىش يولى بىلەن ۋە-
سالىغا يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. يۇقىرىقى مىساللار
پەقەت دېڭىزدىن بىر تامچە، بۇنداق مىساللار غەرب ئە-
دەبىياتىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش-
مىزدا ھەر بىر ئادەم مۇھەببەت ئالىمىدە نۇرغۇن قىسمەت-
لەرگە دۇچار بولىدۇ، كېيىنكى ئۆمرىنىڭ بەختلىك بولۇش
- بولماسلىقىنى ئاساسەن مۇشۇ يولدا ئالغان قەدىمىنىڭ
توغرا بولۇش- بولماسلىقى بەلگىلەيدۇ. بىر قەدەمنى خاتا
ئېلىش تۈپەيلى ئۆمۈرلۈك ئازابقا قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ
كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە، جەمئىيىتىمىزدىكى بىر
قىسىم قىزلار ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئىللەتلەر
مەۋجۇت: بىرىنچىدىن، بىپەرۋالىق. بىر قىسىم قىزلار مۇ-
ھەببەت ئىشىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي، ئويۇننىڭ قا-
تارىدا كۆرىدۇ. خۇددى كىچىك بالا ناھايىتى تېزلا ئىلگە-
رىكى ئويۇنچۇقىدىن زېرىكىپ، يېڭى ئويۇنچۇق ئېلىش
تەمەسىدە بولغاندەك سەل قاراش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ.
بۇ خىل ئەھۋال جەمئىيەتتە بارغانسېرى ئومۇملىشىپ قېلى-
ۋاتىدۇ. ھەتتا بىر قىزنىڭ ئېغىزىدىن خىجىل بولماي: «ھېلى-
قى يىگىت بۇرۇن پالانى دوستۇم بىلەن مۇھەببەتلىشىپتى-
كەن، قانداقكىن دەپ يۇرۇپ باقتىم... بىر ھەپتە يۇرۇپتى-
مەن...» دېگەن گېپىنى تاسادىپەن ئاڭلاپ قالدىم. بۇ
قىزنىڭ شۇ گەپنى دەۋاتقاندىكى روھىي ھالىتى شۇنچىلىك
تەبىئىي، شۇنچىلىك بىپەرۋا. خۇددى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر
تال قەلىمىمنى يوقىتىپ قويدۇم، مەيلىلا، دېگەندەك. قىز-
لارنىڭ مەنىۋى جەھەتتە يېتىلىشى ئوغۇللاردىن بالدۇر بو-
لىدۇ، 20 ياشتىلا يېتىلىپ بولىدۇ، دېگەن گەپنى قايسى
زات ئېيتقان بولغىيتتى. مېنىڭچە بۇنداق قىزلار 50 ياشتى-
مۇ يېتىلىپ بولالمىغۇدەك؛ ئىككىنچىدىن، غۇرۇرسىزلىق،
بەزى قىزلار ئوغۇللارنىڭ ئۆزىگە قىلغان سەت، قوپال
چاقچاقلىرىدىن قىلچە ئويالمايدۇ، ئاممىۋى سورۇنلاردا
ئۇلار بىلەن خالىغانچە ھەرخىل شەكىللەردە بىمالال مۇڭ-
دىشىدۇ. ھەتتا ئۆزىنى بازىرى ئىتتىك مالدەك ھېس
قىلىپ بۇنى باشقا دوستلىرىغا كۆز- كۆز قىلىپمۇ ئۈلگۈرى-
دۇ. بۇنداقلار ئۆزىنى ئاسراش، قەدىرلەشنى بىلمىگەنلىك.
قايسىدۇر بىر شائىر شۇنداق يازغانىكەن: «قىزلار
خۇددى يول بويىدا ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ، بەزىلەر
ئۇنىڭ كۆركەملىكىگە قاراپ پۇراپ تويمايدۇ. بەزىلەر
ئۇنى تەشتەكلەرگە ئېلىپ قەدىرلەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى
بەرگىدەك ئۇزۇۋېلىپ يېقىملىق ھىدىغا قېنىۋالغاندىن
كېيىن چۆرۈپ تاشلايدۇ». بۇ گەپتە قىزلارنى ئاگاھلان-
دۇرىدىغان خاراكتېرگە ياتىدىغان پەزىلەت مەسىلىرى
ئاشكارىلانغان. سىزنىڭ پۇراپ تويمايدىغان گۈل بولغى-
ڭىز بارمۇ ياكى چۆرۈپ تاشلايدىغان گۈلمۇ؟ بۇ سىزنىڭ
ياخشى- يامانني، ئاق- قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان قەلبى-
ڭىزنىڭ بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. دېمەك، سىز
بىر پۇراقلىق گۈل بولسىڭىزلا كۇپايە ئەمەسكەن، يەنە
غۇرۇر، ئەقىلنى ئۆزىڭىزگە قورال قىلىشىڭىز لازىمكەن؛
ئۈچىنچىدىن، ساداقەتسىزلىك ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە
«مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ ئۇنداق بوپتۇ، مۇنداق
قىپتۇ... مانچە يىل ساقلاپتۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى نا-
ھايىتى ئاز ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق. بىرى بىلەن مۇ-
ھەببەتلىشىپ تۇرۇپ باشقىلار بىلەن كۆڭۈل ئاچقىلى
ئۇيەر- بۇيەرلەرگە بارىدىغان، يىگىتنىڭ كۆڭلىنى رەنجىت-
كەننى ئاز دەپ، يامىنى كەلسە ئايرىلىمىز شۇ، دەپلا پېشە-
نى قېقىپ كېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ. چۈنكى
ئۇلار كىيىم ئىچىدىكى ئىنساننى ئەمەس، بەلكى كىيىمنى،
ماشىنىسىنى، داچىسىنى چوڭ بىلىپ مۇھەببەتلەشكەن بول-
غاچقا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىلگىرى-
كى ھۇنىرىنى ئىشلىتىپ شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي ئىنسان-
دىن بىرنى تېپىۋالىدۇ- دە، چوڭ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ.
كونىلار: «ساداقەتمەنلىك ئادەمنى مەست قىلغۇچى
شاراب. ئەركىن، خۇشال ئېيتىلغان ناخشا، مەڭگۈ يادلىنى-
دىغان شېئىر»، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ساداقەتمەن-
لىك، ۋاپادارلىق سىزگە بىر ئۆمۈر خاتىرجەملىك ۋە بەخت
ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك
«ئودېسسا» داستانىدىكى پەنەدوپا ئوبرازى ساداقەتمەن-
لىكنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان.

3. پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس. غەرب ئەدەبىياتىدى-
كى بىر قىسىم ئەسەرلەردە كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى
«ئاقچا مۇناسىۋەتى»گە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، پۇلنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2011.2

تونۇيدىغان جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇنىڭ-
غا بالزاكنىڭ «گورىيو بوۋاي» رومانى، موپاسساننىڭ
«تاغام ژيۇل» ھېكايىلىرى... تىپىك مىسال بولالايدۇ. «گو-
رىيو بوۋاي» رومانىدا بالزاك گورىيو بوۋاينىڭ ئاتىلىق
مۇھەببىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مەدھىيەلەيدۇ ۋە
ھېسداشلىق قىلىدۇ. گورىيو بوۋاي بارلىق مال - مۈلكى-
نى ئىككى قىزىغا قىز مېلى قىلىپ بېرىۋەتكەندىن كېيىن،
ھېچنېمىسى قالمىغان بۇ ئاتىنى ئىككى قىزى رەھىمسىزلەر-
چە ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە بوۋاي ئېچىنىش-
لىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇپاسساننىڭ «تاغام ژيۇل»
ھېكايىسىدە بولسا، ئەر-خوتۇن فىلىپلار چەت ئەلگە
چىقىپ كەتكەن ئىنىسى ژيۇلنىڭ بىر پارچە خېتىدىن ئۇنىڭ
باي بوپكەتكەنلىكىنى بىلىپ، تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى
تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ. ئۇنى پاراخوتتا قەلەندەر سىيا-
قىدا كۆرگەندە بولسا، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرەپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ. بالزاك ئۆزىنىڭ بۇ تې-
مىدىكى ھېكايىلىرى ئارقىلىق شۇ جەمئىيەتكە باھا بېرىپ:
«پۇل ئاللىقاچان جەمئىيەتنىڭ يول خېتى بولۇپ قالدى.
سانسىزلىغان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى پۇل تۈپەيلى يۈز
بەرگەن، ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن چاقنىغان نۇرلار ئاستىدا
سانسىزلىغان جىنايەتلەر نىقاپلانغان» دېگەن. گەرچە بۇ
ھېكايىلەر خېلى بۇرۇنلا يات ئەللەردىكى ئوخشاش بولمى-
غان تۈزۈم شارائىتى ئاستىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھې-
لىھەم بۇنداق ئاملالارنى ئەتراپىمىزدىن تېپىش ئۇنچە
قىيىن ئەمەس. تېخى يېقىندىلا تېلېۋىزوردىن بىر ئايالنىڭ
ئۆز بالىسىنى 10 مىڭ يۈەن پۇل ئۈچۈن ئادەم بېدىكلى-
رىگە سېتىۋەتكەنلىكىنى شۇ بالىنىڭ ئۆز تىلىدىن ئاڭلاپ
بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم ھەم ھەيران قالدىم. بالىمىزنىڭ قو-
لىغا تىككەن كىرىپ كەتسە يۈرىكىمىز ئاغرىپ كەتكەن
يەردە، بۇ ئانا قانداقمۇ بۇنداق ئىشنى قىلغاندۇ-ھە!؟
ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ، بولۇپمۇ كۆيۈمچانلىق ئانىلارنىڭ ئە-
شەنگۈسى كەلمەيدىغان ئاچچىق رېئاللىق. ئانا-ھەرگىزمۇ
ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئەمەسمىدى!؟ «ئالتۇن
سېرىق بولغان بىلەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قارا قىلىۋېتەلەي-
دۇ» دېگەن ھېكمەت ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغانىكەن. ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە چوڭ بولۇۋېلىپلا ئاتا-ئانىسىنى نامرات
كۆرۈپ ياراتماي، پۇللىرىنى سىرتتا بۇزۇپ-چاچسا چاچى-
دۇكى، چوڭلارنى يوقلىمايدىغان، باقمايدىغان ئىنساپسىز-
لارنىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز. كونىلار «بالاڭنىڭ ئىنسابىنى
قولىغا پۇل كىرگەندە كۆر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.
پۇلنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە كەلتۈرگەن ئەخلاقىي بۇ-
زۇلۇشلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. پۇلى بولسا سۆيۈملۈك تۇغ-
قىنىم، پۇلى بولمىسا كۆزىگە قادالغان مىخ كۆرىدىغان
يامان ئىللەت بىزنىڭ مىللىتىمىز، مىللىي ئەنئەنىمىزگە
يات. مىللىتىمىزدە ئەزەلدىن قىيىن كۈنلەردىمۇ مۇرنى-
مۇرىگە تىرەپ، جاپانى بىرگە يېگىدىغان، بىرسى يىقىلسا
بىرسى يۆلەيدىغان، بىرىمىز بېيىساق باشقىلارنىمۇ يېنىمىز-
غا تارتىدىغان ئېسىل خىسلەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنى
ئېزىشماي داۋاملاشتۇرۇپ، يۈزىمىزنى يورۇق قىلىش
بىزنىڭ بۇرچىمىز.

دېمەك، غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن بىز ئۆ-
گىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر ھەقىقەتەن كۆپ. بۇ دېگەن-
لىك ھەممىسى ئۆلگە دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭدا شاكال
تەرەپلەرمۇ بار، باشتا ئېيتقاندەك، بىز ئۆگىنىۋالغان ئاشۇ
چاكىنا تەرەپلەر خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتقان ئاياللىق
سۈپەت ۋە ساپايىمىزغا داغ چۈشۈرىدۇ. ئاخىرىدا بېرىپ
بىز بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيلا قالماي،
بەلكى خىزمەتكە، ئائىلىمىزگە، ئوماق باللىرىمىزغا سەرپ
بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى ئەرزىمەس ئىشلار-
نىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. «كارل ۋېتېرنىڭ ئا-
ئىلە تەربىيەسى» دېگەن كىتابتا «قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرى-
يەسى دەل ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزى تەربىيەلى-
مىگەنلىكى تۈپەيلى ھالاك بولغان» دېگەن بىر گەپ بار.
مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بىز بالا تۇغۇپ چوڭ قىلىشتەك
ئەڭ ئىپتىدائىي مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا
قالماي، يەنە باللىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنىمۇ تۇغالايدىغان
ئانىلاردىن ئىسمى-جىسمىغا لايىق كۆيۈمچان، ئاددىي-
ساددا، ئالىيجاناب، ساپالىق، سۆيۈملۈك ئۇيغۇر ئاياللىرى-
دىن بولۇشىمىز مەيلى ئائىلىمىز ئۈچۈن ۋە مەيلى جەمئى-
يەت ئۈچۈن بولمىسۇن بەك مۇھىم.

پايدىلانمىلار:

1) مورتىمېر ئادلېر: «غەربنىڭ مۇتەپەككۇرى»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل، 3-ئاي، 1-نەشرى.

2) «دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىكلار» (2-قىسىم)، مىل-
لەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل، 1-نەشرى.

3) رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن: «ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلى-
رى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005-يىل، 5-ئاي، 1-نەشرى.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبى-
يات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)



# قول يۇيۇش ئادىتىمىز

گۈزەلئاي ئابدۇكېرىم

ئۆرپ-ئادەتنىڭ ھەر بىر كىچىككىنە ھالقىمۇ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەتنى چۈشىنىشتە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئاشۇ كىچىككىنە ئىش ئارقىلىق بۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى بەزى تەرەپلەرگە قارىتا تۇتقان ئۆزگىچە پوزىتسىيەسىنى، كۆزقارىشىنى كۆرۈۋېلەيمىز.

«قول يۇيۇش» ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئاشۇنداق كىچىك بىر تەرەپنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «قول يۇيۇش» گەرچە ئاڭلىماققا كىشىگە ئانچە چوڭ ئىشتەك تۇيۇلمىسىمۇ، ئەستايىدىل كۆزىتىدىغان بولساق، بىز ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يۇغۇرغان ئۇيغۇرلارغا خاس ئىلمىيلىك، ئىلغارلىق، ئىجادىيلىقنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان ئۆزگىچە پوزىتسىيەسىنى كۆرۈۋېلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا پاكىزلىقنى ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغان. ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق كۆز قاراشلىرى سىستېمىلاشقان. ئۇيغۇرلار پاكىزلىقنى چوڭ بىلىپ، پاكىزلىقنى ئەخلاق جۈملىسىدىن، پاكىزلىقنى ساغلاملىقنىڭ ئانىسى، بارلىق گۈزەللىكنىڭ ئاساسى، ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئەخلاقىنىڭ زىننىتى، دەپ قارىغان، كېسەللىكنىڭ قول ئارقىلىق ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى؛ قول پاكىز بولسا، پۈتۈن بەدەن ساغلام، كېسەللىكتىن خالىي، ئۆمرى ئۇزاق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشنى شەرەپ، مەينەت-پاسكىنىچىلىقنى نومۇس دەپ بىلگەن. شۇ ۋەجىدىن، پاكىزلىقنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئومۇمىي بەدەن تازىلىقى، يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى، كىيىم-كېچەك تازىلىقى، ئۆي-ئىمارەت تازىلىقى، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار «قول يۇيۇش»نى چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس مەنە ۋە ئادەت يوسۇنلىرىنى جۇغلىغان، ئۇنى ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىدا قويۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ھەر قېتىم ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، ئالدى بىلەن قولىنى، ئاندىن باشقا ئەزالىرىنى يۇيىدۇ. ئاش-تاماق ئېتىش، كۆكتات ئادالاش، يېمەك-ئىچمەك تەييارلاش، ھەرخىل

www.uyghurkitap.com







ئاش ـ تاماق ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن
ئاۋۋال ۋە كېيىن قولنى پاكىز يۇيىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «قول يۇيۇش»نىڭ ئۆزگىچە تەلەپلە-
رى بار. قول يۇيغاندا ئاشۇ قائىدە تەلەپلەرنى ئورۇنداش
ۋە ئۇنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت مەنىسىنى
بىلىش مۇھىم، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ
چىراغ، مېھماندارچىلىق قاتارلىق سورۇنلاردا «قول يۇ-
يۇش»نىڭ بۇ ئالاھىدە مەنىسى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنى-
دۇ. «قول يۇيۇش» ئالاھىدە چوڭ ئىش قاتارىدا
ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ،
مېھمان كۈتۈشتىكى مۇھىم ھالقا. «قول يۇيۇش»تا
مەخسۇس بىر ئادەم، ئادەتتە ساھىبخانا ياكى ساھىبخانا
ئۆيدىن بىرەيلەن سۇ قۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ.
ئەر مېھمانلارغا ئەر كىشى سۇ قۇيىدۇ. ئايال مېھمانلارغا
ئايال كىشى سۇ قۇيىدۇ. ئاۋۋال ئەرلەرگە، ئاندىن ئايال-
لارغا سۇ قۇيۇلىدۇ ۋە بۇنىڭدىمۇ ياش تەرتىپى بويىچە
بولىدۇ. «قول يۇيۇش» ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۆزگىچە
ئەسۋابلارنى ئىجاد قىلغان، قولغا سۇ قۇيۇپ بېرىش
ئۈچۈن «ئاپتۇۋا»نى، كىرەكسىز سۇ ئۈچۈن «چىلاپچا»-
نى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە تەييارلانغان «لۆڭگە»
تەييارلايدۇ. ئادەتتە ھەر ئۆيدە مېھمانلار ئۈچۈن تەييار-
لانغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلار بولىدۇ.

توي ـ مەرىكە، نەزىر ـ چىراغ سورۇنلىرىدا مېھمانلار-
نىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە بىر ياكى بىر قانچە نەپىس ئىشلەن-
گەن ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلار ھازىرلىنىدۇ. ساھىبخان تەرەپتىن
قولغا سۇ قۇيۇشقا مەخسۇس بىر ـ ئىككى ئادەم ئورۇنلاش-
تۇرۇلىدۇ. مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇنلا ئىسسىق سۇ ئاپتۇ-
ۋىغا تەييارلىنىدۇ. مەرىكە ئەھلى ھازىر بولۇپ، تىنچ ـ ئا-
مانلىق دۇئاسىدىن كېيىن، داستىخان سېلىنىشتىن ئاۋۋال
قولغا سۇ بەرگۈچلەردولىسىغا ياكى جەينىكىگە لۆڭگىنى
ئېسىپ، ئىسسىق سۇنى مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلەن، ئوڭ
قولىدا ئاپتۇۋانىڭ تۇتقۇچ بېغىنى تۇتۇپ، سول قولىنىڭ
ئالقىنىنى ئاپتۇۋانىڭ جوغىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن قورسى-
قىغا يەڭگىل تەگكۈزۈپ، ياشتا ۋە ھۆرمەتتە چوڭ بولغان-
لاردىن باشلاپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ،
نۆۋەت بىلەن سۇ قۇيىدۇ. ئادەتتە ھەر بىر كىشىگە ئۈچ

قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە سۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى كەم قۇيۇلمايدىغان بولۇپ، سۇ قۇيۇش سانى تاق بولىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا ئازراق، ئىككىنچى قېتىمدا ئوتتۇراھال، ئۈچىنچى قېتىمدا يەڭگىل، ئۈزۈلدۈرمەي سۇ قۇيۇش كېرەك. سۇ قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇ بەرگۈچى ئاستا توختاپ، ئەدەپ بىلەن لۆڭگىنى قول چايقىغۇچىغا سۇنۇپ بېرىدۇ. كېيىنكىلەر لۆڭگىنى ئۆزئارا سۇنۇشىدۇ. قول چايقىغۇچىمۇ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ، سەل ئالدىغا ئېگىلىپرەك قولنى يۇيىدۇ. مەرىكە ئاخىرلىشىدىغان چاغدا، ساھىبخانا يەنە ئىسسىق سۇ تەييارلاپ، يۇقىرىقى تەرتىپنى تەكرارلايدۇ. «قول يۇيۇش» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مېھمانلار خوشلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ئۇزايدۇ.

مەرىكىلەردىن باشقا يەنە ئائىلە ئەزالىرى ئارا قول يۇيىدىغان ئىشلارمۇ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ چاغلاردىمۇ



ئاشۇ خىل تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. ئائىلىدە سۇ بەرگەندە، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ، پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيىدۇ ۋە بۇمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقى قائىدە-تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«قول يۇيۇش» ئادىتىلا قولنى پاكىزلاش بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزگىچە مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت تۈسى سىڭگەن، يوسۇنلاشقان بىر خىل ئالاھىدە پائالىيەت. بۇ تەرتىپلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك كىشىلىك تۇرمۇش ئەخلاقىغا ئەمەس، بەلكى يەنە چوڭلارغا ۋاپادار بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، قائىدە تەرتىپلىك بولۇش، تېجەشلىك بولۇش، پاكىز ياشاش مەقسەتلىرى سىڭگەن. قول بىلەن بىۋاستە تۇتۇپ يېيىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەندە قولنى پاكىز تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن. بولۇپمۇ داستىخانغا كېلىشتىن ئاۋۋال چوقۇم قول يۇيىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق يايلاق مەدەنىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاساسلىق تائاملىرى پىشۇرۇلغان گۆش ياكى كۆمەچ بولغاچقا، باشقا ئوۋچىلىق، يايلاق مەدەنىيىتىدىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى قولدا تۇتۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. قولدا تۇتۇپ نەرسە يېيىش ئۈچۈن قولنى پاكىز تۇتۇش مۇھىم، ئەلۋەتتە. قول يۇيۇشقا ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا قول يۇيۇش كېيىنچە ئۇزاق زامانلار جەريانىدا ئەنە شۇنداق ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئالاھىدە «قول يۇيۇش يوسۇنى»نى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «قول يۇيۇش يوسۇنى» ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە قائىدە-تەرتىپكە ئايلانغان. «قول يۇيۇش» دەسلەپتە پەقەت قولنى پاكىزلاش مەقسەت قىلىنغان بولسا، بارا-بارا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ، ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئىپادە قىلىنىش شەكلى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىدا پاكىزلىق ئۇلۇغلىنىدۇ. ھەتتا ئىسلام دىنىدا: «پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار دىنىي نۇقتىدىنمۇ پاكىزلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ.

«قول يۇيۇش»قا ئۇيغۇرلاردا يوسۇنلاشقان، تەرتىپلىك، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت تۈسى يۇغۇرۇلغان. ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، مەدەنىيەت، ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن چۈشىنىش، فولكلور نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە مۇھىم.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# ئىندىۋىدۇئالىزم ۋە يالغۇزلۇق

**زۇلهايات ئۆتكۈر**

شۋېت مىللىتىنىڭ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىغان ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدىن هۇزۇر ئالىدىغان مىجەز-خاراكتېرى «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» دولقۇنىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە ئانچە يوچۇن ئەمەس بولۇپ قالدى. مەن بۇ تۇپراقتا ماكانلىشىپ تۇرۇپ قېلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ بۇ خىل يالغۇزلۇق پەلسەپىسىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇندۇم.

1827 - يىلى شۋېتسىيە تارىخىدا بۇرۇلۇش ياسىغان بىر يىل بولۇپ، يېڭى قانۇن تۈزۈلگەن. يېڭى قانۇندا يېزىلارنى تارقاقلاشتۇرۇلۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى ئورتاق ئىجتىمائىي ۋە ئەمگەك مۇهىتىدا ياشاپ كەلگەن كىشىلەر هازىرقى ئولتۇراق جايلىرىدىن تارقاقلاشتۇرۇلدى. 1700 - يىلى بىر يېزىدىكى 15 ئائىلىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ئۇ چاغدا شۇ 15 ئائىلىدە 400 ئادەم ئالمىشىپ تۇرغانىدى. هەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا هېساب بىلەن 90 ئادەم ئۆي ئىگىسى بولۇپ ئالمىشاتتى. يېڭى قانۇن تۈزۈلگەندىن كېيىن دېهقانلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوستلىرى، چېركاۋ ۋە ئەل-جامائەتچىلىكتىن ئايرىلىپ، ئۆز يەرلىرىنى تېرىپ، ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىنى يوقىتىپ قويۇشتىكى يەنە بىر سەۋەبى شۇ يىللاردا شۋېتسىيەدە قەهەتچىلىك يۈز بېرىپ پۈتۈن شۋېتسىيە ئاهالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچۈش يۈز بەرگەن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ گۈدۈكى بىلەن شۋېتسىيەمۇ تېز سۈرئەتتە شەهەرلىشىشكە قاراپ قەدەم قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياشلار ئىش پۇرسىتى ئىزدەپ شەهەرلەرگە ئاقسا، ياشانغانلار يېزىلاردا قېپقالىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئائىلىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بۇزۇلۇپ، پەقەت يادرولۇق ئائىلىلا ئۆزئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان، يادرولۇق ئائىلە دېگىنىم ئاتا-ئانا ۋە بالىدىن تەركىب تاپقان ئائىلە تەركىبىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە شۋېتسىيەنىڭ سوتسىيال دېموكراتىك پاراۋانلىق سىياسىتىمۇ ئۇلارنىڭ يالغۇزلۇق تەرەپدارى خاراكتېرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي باغلىنىش تورى

شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ سىياسەتتە ھەر بىر ئادەم ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇشى بەلگىلەنگەن. ھەقسىز تۇرالغۇ ئۆي، ئىجتىمائىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ھەقسىز مائارىپ قاتارلىقلار تۆمۈر تاۋاق بولۇپ، مېيىپلەر بولسۇن ياكى بىمارلار بولسۇن باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز مۇشۇ كاپالەتلەر بىلەن جەمئىيەتتە ياشاپ كېتەلەيدۇ.

قارىماققا بۇ سىياسەتتە ھۆكۈمەتنى ئالداش، قانۇندىن يوچۇق ئىزدەش ناھايىتى ئاساندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇ سىياسەتلەردە لىبېرال قانۇن بىلەن ئەخلاق ئۆزئارا بىرىككەن ھالدا جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە شۇنداق دەۋرلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتچىلەر ئاغرىپ قالغاندا ئۈچ ـ ئون كۈنگىچە دوختۇرلارنىڭ رۇخسەت قەغىزىسىز، دۆلەت سۇغۇرتا خەزىنىسىدىن مائاشىنىڭ 80% ىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاغرىش تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ياردىمىنى ئېلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇلار 39 گرادۇس قىزىتما بىلەن خىزمەتكە كېلىشنى خالايدۇكى، ئۆيدە يېتىپ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ئېلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشنى خالىمايدۇ.

مانا مۇشۇ خىل سەۋەبلەر شىۋىتلارنىڭ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىششنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلاردا يالغۇزلۇق ــ كۈچلۈكلۈك، بۇيۇكلۇك، مۇستەقىللىقنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارغا تايانماسلىق، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىش ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدۇر.

كۆپلىگەن غەرب دۆلەتلىرىدە ئۆلۈم جازاسى چەكلەنگەن بولۇپ، شىۋىتسىيە مۇشۇ قانۇننى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ قانۇننى يولغا قويۇشتىكى ئەڭ تۈپ بىر سەۋەب، ئۇلار ئىندىۋىدنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتقان. ھەر بىر ئىندىۋىدنىڭ تەپەككۇر قىلىش، ئېتىقاد قىلىش، ئۆز كۆز قارىشىنى ئىپادىلەش ھوقۇقىنى مۇھىم بىلگەن.

ھەتتا خىزمەتكە ئېلىش تەلەپلىرىدىمۇ مۇنداق نۇقتىلار مەۋجۇت:

ــ مۇستەقىل ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇش.

ــ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان بولۇش.

ــ ئىجادچانلىق روھى كۈچلۈك بولۇش.

ياشانغانلار پاراۋانلىقىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساقمۇ، ياشانغانلار، پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە ئەپ كېلىپ قويۇلىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى بىز ئاتا ـ ئانىلارنى بېقىش، خەۋەر ئېلىشنى مەجبۇرىيەت، بۇرچ ۋە ساۋاب دەپ بىلىمىز، لېكىن بۇلار پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ياشاپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يۈك بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھالىدىن ئۆزلىرى خەۋەر ئېلىش ئىستىكى كۈچلۈك، مانا بۇ ئۇلارنىڭ يالغۇز ياشاشنى تاللىشىدىكى تۈپ سەۋەبچى ئىدىيەسى.

ئۇلارنىڭ يالغۇزلۇقنى خالاش ئىدىيەسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە «مېنى ئۆز ئارامىمدا قويې» دېگەندەك قاراشنىمۇ ئۆزىگە بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئاساسەن ئۇلار ئۇشتۇمتۇت كەلگەن مېھماننى، كەچ سائەت 10 دىن كېيىن تېلېفون قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار «مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا ئورۇنلاشتۇرۇشۇم بار، مېنى ئاۋارە قىلما، ئارامىمدا قويې» دېگەندەك ئويدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇراق داچىلىرىغىمۇ قارايدىغان بولساق، ھەر بىر ئائىلە ئۆز دائىرىسىنى رېشاتكا بىلەن چېتىۋالغان. دېڭىز بويىغا بارغاندا، ئۇلار ئۆزئارا ئارىلىق تاشلاپ كىشىلەردىن يىراق جايلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ. بۇنداق يەرلەردە يەنە باشقىلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا مۇزىكا قويۇشنى، ئۆزئارا ۋارقىرىششنى قوبۇل قىلالمايدۇ. تاغقا يالغۇز چىقىش، ئورمانلىقتا يالغۇز ئايلىنىش كۆپ قىسىم شىۋىتلارنىڭ ياقتۇرىدىغان پائالىيەتلىرىدۇر.

چوڭ شەھەرلەردە كىشىلەر يولدا پۈتىنغا پۈتلاشقان تاشنىمۇ ئېلىۋەتمەيدۇ، ئۇلار بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى دەپ قارايدۇ.

2003 ـ يىلى بىر كۈنى شىۋىتسىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ قەتلە قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە ۋەقە كۈپكۈندۈزدە ئەڭ چوڭ بىر سودا سارىيىنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، مىنىستىرغا پىچاق سالغۇچى بىر روھىي كېسەل بىمارى ئىكەن. ئۇ دەسلەپتە مىنىستىرنى يەرگە يىقىتىپ، بىراز ئېلىشىپ ئاندىن پىچاق سالغان. بۇ جەرياندا سودا سارىيىدىكى نۇرغۇن كىشىلەردىن دەل ۋاقتىدا قاتىلنى توسقۇدەك ئادەم چىقمىغان، قاتىل بەلكىم دەل ۋاقتىدا توسۇپ قېلىنغان بولسا، كىشىلەر سۆيىدىغان ئۇ ئايال مىنىستىرمۇ ھاياتىدىن ئايرىلمىغان بولاتتى، مەن شۇ چاغدا بۇ مىللەتنىڭ «باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» پسىخىكىسىنى يۈزەكي چۈشەنگەندەك بولغانىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




زۇلھايات ئۆتكۈر

شۋېتلارنىڭ ھاياتىدا lagom دېگەن سۆز ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، مەن بۇ سۆزنىڭ نەق تەرجىمىسىنى تاپالمىدىم. لۇغەتتىن ئىزدەش نەتىجىسىدە بۇ سۆزنىڭ پەقەت شۋېت تىلىدىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، باشقا تىللاردا بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت نەتىجىگە ئىگە بولدۇم، بۇ سۆزنىڭ مەنە تەرجىمىسى «نورماللىق» دېگەنلىك بولۇپ، شۋېتلارنىڭ بۇ خىل نورماللىق پەلسەپىسىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئادەم نورماللىق ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ يۈرۈشى كېرەك، بەك شوخ بولۇپ كېتىشكە ياكى بەك جىمغۇر بولۇۋېلىشقا بولمايدۇ، بەك قىزغىن بولۇپ كېتىشكە ياكى بەك سوغۇققان بولۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى.

ماختاش بىلەن تەنقىدلەش، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك چوقۇم تەڭ ۋاقىتتا ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك. ئادەم باشقىلاردىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك، باشقىلارنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆتۈپ كەتمەسلىك، كەينىدىمۇ قالماسلىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ. چۈنكى شۋېتلار ئاۋارىچىلىك ۋە كۆڭۈل ئاغرىقى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشنى ئەلا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پىسخىكىسى يۇمشاق قۇلاق، ئۆزىنى سورايدىغان خاراكتېر بولۇپ، ئۇلار بىراۋ بىلەن بەسلەشىشنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە كۆرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنلىكى ۋە كېلىشمەسلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان كېلىشمەسلىكتىن ئەنسىرەيدۇ، شۋېتلاردا بىر-بىرىدىن «سەن قايسى سۇغۇرتا شىركىتىنى تاللىدىڭ؟» دەپ سوراش ئادەتتىكى بىر ئىشتۇر.

ئۇلاردىكى بۇ خىل نورماللىقنى ئەۋزەل كۆرۈش پىسخىكىسى پاسسىپ پىسخىكا بولماستىن ئەكسىچە ئىندىۋىدنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئاكتىپ پىسخىكىدۇر. بىر مىسال ئالىدىغان بولساق، خەنزۇ تىلىدىكى 差不多 دېگەن سۆز پاسسىپ مەنىدىكى نورماللىقنى، يەنى بوپ قالدى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە چاتاق بار دېگەن سۆز.

بۇ خىل خاراكتېر خىزمەت ئۇسلۇبىدىمۇ گەۋدىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ خىل خىزمەت پوزىتسىيەسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ رىقابەتتە ئۆزۈپ چىقىش، كۈچلۈكلەر ئاجىزلار ئۈستىدىن يېڭىدۇ دەپ قارايدىغان پەلسەپىسى بىلەن پۈتۈنلەي تەتۈر يۆنىلىشتە بولۇپ، ئامېرىكىدا بالىلار كىچىكىدىنلا كۈچلۈك باشقۇرغۇچى بولۇشقا قاراپ تەربىيەلىنىدۇ. ئاندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىدە ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرۇپ، ئۆز كۆز قاراشلىرى ۋە پىلانلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ، شۋېتلاردا بولسا بالىلار كىچىكىدىنلا بويسۇنۇشقا ۋە گۇرۇپپىغا ماسلىشىشقا ئېتىبار بېرىلىدۇ.

بىزنىڭ ئىدارىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان يىغىنلارنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئادەتتە يىغىن ئېچىلىپ مۇزاكىرە باشلىنىپ بەش

مىنۇتتىن كېيىن ئاندىن شەخسلەر پىكىر قاتناشتۇرۇشقا يول قويۇلاتتى، ھەر بىر ئادەم پەقەت بەش نۇقتىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ئاساستا پىكىرلىرىنى بەشلا جۈملىگە يىغىنچاقلاپ سۆزلەيتتى، دېمەك شۋېتلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇق ئىچىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى بەكرەك مۇھىم ئىدى.

ئادەتتە خىزمەتكە ئېلىش ئىمتىھانىدىمۇ، «سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكىڭىز ۋە ئۈچ خىل كەمچىلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز» دېگەن سوئالنى سوراش ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. ئادەم ئارتۇقچىلىقىنىمۇ ئېيتار، لېكىن ئالدىدا ئولتۇرغان ئۆزىگە ئاش-نان بەرگۈچىگە قاراپ تۇرۇپ، «مەن ھورۇن، ۋاقىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالمايمەن ياكى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايمەن» دېگەندەك كەمچىلىكلەرنى قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن. بۇ خىل ئەھۋالدا چوقۇم «مەن سەل خىزمەت مەستانىسى ياكى باشقىلارنى ئاسان تەنقىدلىيەلمەيمەن» دېگەندەك جاۋابلار بىلەن تاقابىل تۇرۇش كېرەك ئىدى. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىگەندە، بۇ سىزنىڭ سەممىي ئەمەسلىكىڭىز ياكى كەمچىلىك تەرىپىڭىزگە ئەھەمىيەت بەرمىگەنلىكىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۋېتلاردا يەنە بىز ھەددىدىن ئارتۇق تەكەللۇپ دەپ قارايدىغان ئىشلارمۇ ئۇلار ئۈچۈن نورماللىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ دۆلەت ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن باشقۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا «تېلېفونىڭىزنى ئارىيەتكە ئېلىپ تېلېفون قىلىۋالسام بولامدۇ؟»، «ھاجەتخانىڭىزنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرسام بولامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار يەنە رەھمەتنى ئايىمايدىغان بولۇپ مەسىلەن، ماگىزىندا مال سېتىۋالسىڭىز، مال ساتقۇچى سىزگە «مانچە پۇل بولدى رەھمەت» دەيدۇ، سىزمۇ پۇلنى تۆلىگەچ «رەھمەت، بۇنى ئېلىڭ» دەيسىز. ئاندىن مال ساتقۇچى پۇلنى ئېلىپ يەنە سىزگە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ تالوننى سۇنىدۇ. سىز يەنە بىر قېتىم تالوننى ئالغاچ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىسىز. مال ساتقۇچى ماللىرىڭىزنى خالتىغا سېلىپ بەرگەچ يەنە بىر قېتىم سىزگە رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىدۇ، سىزمۇ جاۋابەن ئاخىرقى قېتىم «رەھمەت، خەير-خوش» دەپ خوشلىشىسىز.

شۋېتسىيەلىكلەر ئىندىۋىد بىلەن ئۆزگىنىڭ چېگراسىنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىيدۇ. ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆتنە، قەرز دەپ ھېسابلايدۇ. رېستورانغا كىرگەندە ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى تۆلەش، مېھمانغا بارغاندا ئۆزى ئىچىدىغان ئۈزۈم ھارىقى، ۋىسكىي دېگەندەكلەرنى كىشىلەر ئۆزلىرى ئالغاچ بارىدۇ. بۇنى يېزىۋېتىپ خىيالىمدىن بىر ئىش كەچتى. بىر قېتىم ئۆيدىكىلەر بىلەن رېستورانغا تاماق يېگىلى باردۇق. بىر جۈپ قىز-يىگىت قارىساق، لىفت چۈشكىچە بىر-بىرىگە ئېسىلىشىپ سۆيۈشۈپ چۈشتى. ئاندىن رېستورانغا كىرگەندىن كېيىن، قىزچاق لىۋانچە تاماق پوكىيگە، يىگىت بولسا ئىتالىيەچە تاماق پوكىيگە بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ تاماق پۇلىنى ئۆزلىرى تۆلەشتى، ئاندىن ئىككىسى يەنە بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بىللە تاماق يېيىشتى.

شۋېتلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدىسىدە مېھمان چاقىرغۇچى ئادەتتە باغاق ئەۋەتىدۇ ۋە باغاقتا مېھمانلارنىڭ كېلىش ئىمكانىيىتى بار-يوقلۇقىنى پالانى كۈندىن بۇرۇن خەۋەر قىلىشى كېرەكلىكى يېزىلىدۇ. مېھماندىن كېيىن يەنە مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ يەنە ئاتكىرىتكا ئەۋەتىلىدۇ. مېھمانلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتىپ ئايرىم ئاتكىرىتكا ئەۋەتىدۇ. مېھمانلار چاقىرغان يەرگە بالدۇرمۇ بېرىۋالماسلىقى، كېچىكىپمۇ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەگەر كىشىلەر مېھمانغا ياكى يىغىنغا بەش مىنۇت كېچىكىپ قالسا، ئۇنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، كېچىككۈچىمۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئون مىنۇت كېچىكىپ كېلىدىغان ئېھتىمالى بولسا چوقۇم تېلېفون بېرىپ ۋاقىپلاندۇرۇش كېرەك. ئەگەر 15 مىنۇت كېچىكىپ قالغاندا چوقۇم كېچىكىشنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ۋە ئەپۇ سورىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر يېرىم سائەت كېچىكسە، بۇ شۋېتلار ئۈچۈن قوبۇل قىلغۇسىز ئەھۋال بولۇپ، «قارشى تەرەپ مېنىڭ ۋاقتىمغا ھۆرمەت قىلمىدى، مېنىڭ سېنى ساقلاشتىن باشقا ئىشىم يوقمىدى» دېگەن يەرگە كېلىدۇ ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ۋە غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بارلىق ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئالدىنئالا پىلانلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر بىر ئادەمنىڭ يانچۇق كالېندارى بولۇپ، كالېندار ھەپتىلەر بويىچە ئايرىلغان. ئىدارە-جەمئىيەت، شىركەت ۋە شەخسلەرنىڭ بەش يىللىق پىلانىنى ئالدىن پىلانلىشى ناھايىتى ئومۇملاشقان، ھەتتا يەنە ئالتە يىلدىن كېيىنكى قىلىدىغان چەت ئەل ساياھىتىگە ئاتاپ ھەر ئايدا بانكىدا پۇل قويۇپ ماڭىدىغان ياكى 50 ياشقا كەلگەندىلا پېنسىيەگە چىقىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ كۈنتەرتىپىنى تۈرغۇزۇش، كېيىنكى ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇپ چىقىش، ئۆينى ئاقارتىش، كېمە ساياھىتىنى بەلگىلەش قاتارلىق ئىشلار ھەيران قالارلىق ئىشلار ئەمەس.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل نورماللىق پىسخىكىسى ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار شۇ ئاساستا ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار مۇشۇ خىل نورماللىق پىسخىكىسى ئىچىدە ئۆز زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قايغۇلۇق خەۋەر



خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، مەشھۇر جامائەت ئەربابى، مەدەنىيەتشۇناس ئالىم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل-لىك سەۋەبى بىلەن 87 يېشىدا ئۈرۈمچى شەھرىدە ئالەم-دىن ئۆتتى.

مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى 1924 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھرىدە تۇغۇلغان، 1941 - يىلى ئۈرۈمچى 1 - گىمنازىيەسىنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى 6 - ، 7 - مەكتەپ، 4 - مەركىزىي مەكتەپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1946 - يىلى كېرىيە ناھىيەسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. 1948 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ 1951 - يىلى 1 - ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلى سابىق ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىغا يۆت-كەلگەن . بۇ باشقارما 1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بولۇپ قۇرۇلغان. مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى 1953 - يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەر-رىر، ئۇيغۇر تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىشخانا مۇدى-رى، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى، لۇغەت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەر-نى ئۆتىگەن. 1956 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە سابىق تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتى (ھازىرقى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى)غا ئالمىشىپ، تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «ھەۋەس»، «سەپەر سىزگۈلىرى»، «بالدۇرقىغا ئوخ-شىماس» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى؛ «تارىمدىن تامچە»، «نەۋايى ھەققىدە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدە-نىيىتى»، «بۇلاقتىن ئۇتلام»، «نورۇزنامە»، «تىل — دىلنىڭ كىلىتى»، «شېئىر ۋە شائىر» قاتارلىق كى-تابلىرى نەشر قىلىنغان؛ «ئون ئىككى مۇقامنىڭ مىللىي خاسلىقى»، «شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ راۋاج-لاندۇرايلى»، «رىقابەت دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى-نىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى» قاتارلىق نۇرغۇن ئىلمىي ما-قالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يەنە «جىڭگاڭشەندىكى كۈرەش»، «ھەۋەسكار يازغۇ-چىلار بىلەن سۆھبەت»، «قىزىلبايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قوياش»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەربكە ساياھەت»، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» قاتارلىق ئە-سەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان؛ مەرھۇم «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە يېڭى نەشرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان، «جامە-ئۇل ھېكايەت»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «مىڭبىر كېچە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلە-گەن.

مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ھايات چېغىدا ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى قاتار-لىق جەمئىيەتلەرنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئۇيغۇر تارىخى، مە-دەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى-غا، ئۇيغۇر ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقىغا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتىغا كۆپ مېھنەت سىڭدۈرگەن ئىدى، ئالىمنىڭ مول ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات مېۋىلىرى خەلقىمىزگە مەڭگۈ جۇلالاپ تۇرىدىغان گۆھەر سۈپىتىدە مەنىۋى مىراس بولۇپ قالدى. خەلقىمىز بۇ ئىجتىھاتلىق ئالىمىمىزنى ئەبەدىي ياد ئېتىدۇ.


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
جۇڭگوچە سالاھىدىلىككە ئىگە
سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ
رەھبەرلىك يادروسى بولدى.
中国共产党是中国特色社会主义事业的领导核心
من أجل الفلاحين
我的一生堅定不移地跟
黨走各族人民是我的親
骨肉我誓作人民的忠實
公仆為了人民是我畢生
的追求
鉄木尔·達瓦買提詩句




# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）电话：(0991)4554017
传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60 广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001 定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر،
14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991- 4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040